# قلم كوره شى

محمد امين بوغرا

FROM THE LIBRARY OF GULAMETTIN PAHTA
EAST TURKISTAN NAT'L RESEARCH CENTER INC

# سۇنۇش

مۇھتەرەم كىتابخانلار،

مۇھەممەت ئىمىن بۇغرا ئەسەرلىرى تىزىلمىسى دىن "شەرقىي تۈركىستان تارىخى"، "ۋەتەن قايغۇسى" (بۇغرانىڭ شېئىرلىرىدىن تاللانمىلار) "قۇتلۇق-تۈركان (ئوپېرەت)" قاتارلىقلىرىنى بۇندىن ئىلگىرىكى خاتىرىلەش كۈنلىرى مۇناسىۋىتى بىلەن نەشر قىلىنىپ سۇنۇلغان ئىدى. قولىڭىزلاردىكى بۇ كىتابچە مەرھۇمنىڭ ئارامىزدىن ئايرىلغانلىقىنىڭ ٢٥-يىللىقىنى خاتىرلەش مۇراسىمىدە تەقدىم قىلىش ئۈچۈن نەشر قىلىندى.

مۇھەممەت ئىمىن بۇغرا ۋە سەپداشلىرى ١٩٤٤-يىلى چىن نىڭ "ئاساسىي قانۇنى لايىھەسىدە" شەرقىي تۈركىستانغا تېگىشلىك بەزى مۇھىم مەسىلىلەرنى ئورتىغا قويۇشنى رەسمىي تەلەپ قىلغان. مەسىلەن، شەرقىي تۈركىستان خەلقلىرىنىڭ تۈرك ئىكەنلىكى ۋە ئۆلكە ئىسمىنىڭ تۈركىستان ئىكەنلىكىگە ئوخشاش ماددىلارنىڭ ئاساسىي قانۇنغا يېزىلىشىنى تەلەپ قىلغان. بۇ تەلەپلەر چىننىڭ سىياسىي دائىرىلىرى ۋە مەتبۇئات ساھاسىدە چوڭ تەسىرات ۋە غۇلغۇلا پەيدا قىلدى. نەتىجىدە چىننىڭ چوڭ-چوڭ گېزىتلىرىدە مۇھەممەت ئىمىن بۇغرا ۋە تارىخ پروفېسسورى لى دۇڭفاڭنىڭ بەس مۇنازىرىسى باشلىندى.

بۇ كىتابچە "تۈركىستانلىقلارنىڭ تەلەپ لايىھەسىنى" ۋە مۇھەممەت ئىمىن بۇغرا بىلەن لى دۇڭفاڭ ئورتتۇراسىدىكى مۇنازىرىلەرنىڭ تولۇق تېكىستىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. مۇھەممەت ئىمىن بۇغرانىڭ ماقالىلىرى ئۆزبېكچە يېزىلدى. لى دۇڭفاڭنىڭ ماقالىلىرى بولسا "ئالتاي" ژورنىلىغا بېسىلغان ئۇيغۇرچە تەرجىمىسىدىن ئىبارەت.

بۇ مۇنازىرىلار ئىلمىي بىر دائىرە ئىچىدە "شەرقىي تۈركىستان خەلقى تۈرك مۇ ئەمەسمۇ؟ ئۆلكە ئىسمى تۈركىستان مۇ ئەمەس مۇ؟" دېگەن مەۋزۇنى ئاساس قىلغان ھالدا ئېلىپ بېرىلغان. مۇھەممەت ئىمىن بۇغرانىڭ جاۋاب ماقالىلىرىنىڭ ئېلان قىلىنغانلىقىغا قىرىق بەش يىل بولغان بولسىمۇ بۈگۈن مۇ يېنىلا تارىخىمىزنى تەتقىق قىلىش، ئۆگىنىش ۋە داۋايىمىزنى مۇداپىئە قىلىش ئۈچۈن مۇھىم نەزەرىيەۋى ئەھمىيەتكە ئىگە دەپ تونۇيمىز.

AltunOq

فاطمە بۇغرا

محمدامین بوغرانیڭ
یورت و ملت یولیدا قیلغان
قــلم کــو ر ه شــی
(بیرینجی بۆلۈم)
یورت و ملتیمیزنیڭ تاریخی آتی حقیده
چین تاریخچیسی لی دوڭ فاڭ بیله ن
ۋرگۈزۈلگه ن بو قلم کوره شی ملی دعوامیزنیڭ
حقلیق ایکه نلیکینی آڭلاتور
تورکستان ملتچیلیگی نیڭ ایلیك موفقیتىنی
کورسه تور

تونجی قتسم نشرقىلغوچىسى
آلــتــای نشریاتی، اۈرۈمچی
١٩٤٤ - ١٩٤٨

ایکینجی قتسم نشرقیلغوچیسی
محمد امین بوغرا عائیله سی، انقره، تورکیه
١٩٩٠- ییلی،٦-ئای نیڭ ١٤- کۈنی،



محمد امين بوغرا، ١٩٤٨ يىلى، ئۈرۈمچى

Mehmet Emin Buğra (1948, Ürümçi)

# ایچیده کیله ر

توركستانلیق یورتداشلار اویوشماسی طرفیدین چین
خلق‌حکومتی قانونِ اساسی مسوده‌سی توغروسیدا بریلگن
لایحه ("دا گوگباو" ۱۹٤٤، ۱۰-آینیڭ ۱۲-کونی)

لی دوڭفاڭ نیڭ بیرینجی مقاله‌سی
("جوڭیاڭ رباو" ۱۹٤٤، ۱۰-آینیڭ ۱٤-کونی)

محمد امین بوغرانیڭ لی دوك فاڭ غاجوابی
("آلتای" مجموعه‌سی ۱۰-سان، ۱۹٤٤، ۱۱-آی)

لی‌دوڭفاڭ نیڭ ایکینجی مقاله‌سی
("جوڭیاڭ رباو" ۱۹٤٤، ۱۱-آینیڭ ۲- و ۳- کونله‌ری)

محمد امین بوغرانیڭ لی دوڭفاڭ غا ایکینجی جواب
مقاله‌سی ("آلتای" مجموعه‌سی ۱۱-سان، ۱۹٤٥، ۲-آی)

(۱)

توركستانلوغ يورتداشلرا ويوشمه سى طرفيدين چين خلق حكومتى نيڭ قانون اساسى
مسوّده سى توغراسيدا بريلگان فكرلر ( لا [illegible] )

۱- شرقى توركستان اولوسى نيڭ توچيو ( تورك ) اولوسى بولغانليقينى آنيخ تعيين اتيلسون .

بيان : دوقتورسون يات سن انقلاب قيلغان چاغلرده چين خلق دولتى نيڭ بش ملت دين عبارت بولغانليقينى و بوبش ملت نيڭ مساوى ( تڭ ) بولغانليقى شعارينى اوتراغه چيقارغان ايدى : بش ملت ديگدين مقصد چين ( خيتاى ) ، ماچور ، مونغول ، مسلمان تورك و تيبت ديگدور . دوقتورسون يات سن اوزى نيڭ [illegible] جوبى ( اوچ تورلوك خلق مسلكى ) نيڭ ملى مسلك نيڭ برنچى [illegible] "چين" غه توشرلنان [illegible] آرتوقراق اسلام دينيده كى توركلر بار دور » ديمشدور . [illegible] توركستان اهاليسيدين عبارتدور ، وحقيقتده بلك اويغون [illegible] دور .

سوڭ چاغلرده توركستان اولوسينى اويغور ، قزاق ، قيرغيز ، [illegible] ، اوزبك ، تاتار وتاجيك ديگان آتلرغه آيرينالر بولسه موبوته آت [illegible] آيات نيڭ آتى بولوب هرگز اولوسى آتى ايماسدور ، بو [illegible] آياتى [illegible] ، تيلى ، دينى ، وعرف وعادتلرى [illegible]
[illegible]
كلگان خوى [illegible] اورنى ديگان [illegible] توركستاندا [illegible] آياتى نيڭ آتى ايماسدر .

محمد امين بوغرانيڭ قەلەمدين لايحەنيڭ بىربەتى

*Çin Anayasası Tadil Tasarısı ile ilgili Doğu Türkistan'lıların önerisini içeren belgenin bir sayfası.*

بسم الله الرحمن الرحيم

# كريش سوز

معلومدوركه: بير وطن يا بير ملت‌نيڭ مشروع حقوقينى قولغا كلتورروش و ملى مقدراتينى بلگوله‌ش او وطن‌نيڭ اوغوللارى و او ملتنيك افرادى تيل بيله‌ن، قلم بيله‌ن و لازم كلگه‌نده جان بيله‌ن مجادله ميدانلاريدا هارماى تالماى كوره‌ش قيليب اوتوق قازانيشيغا باغليقدور.

عزيز وطن و اولوغ ملتيمزنيڭ اوغوللارى و افراديدين بو پرينسيپ اوستيده اوز وظيفه‌لرينى اوته‌گه‌نله‌ر كوبدور. و سوڭ نتيجه‌گه يتيشكونچه بو وظيفه‌لرنى اوته‌گوچى وطندوست و ملت پروروله‌ر آرقا آرقادين ييتيشيب بير بيرينيڭ ايشينى تاملاش و داوملاشتورروش تويغو و حركتله‌رى آرتماقدا، و آرتقوسيدور. بونده شبهه يوقدور.

مانا بو وظيفه‌له‌ردين برينى اوته‌ش اوچون چين دولتينىڭ سوقوش دورى مركزى بولغان چونكيڭ شهريده ١٩٤٤- يلى مسعود افندى، عيسى افندى و من بولوب اوچيميز توركستان‌نيڭ كله‌چه‌گينى تأمين قيليش مقصدى بيله‌ن بو كتابنيڭ برنجى قسمينى تشكيل قيليغان لايحه‌نى مركزى‌حكومت‌نيڭ قانون اساسى قوميسيونيغا تقديم قيلغان ايدوق. بير نچه آى سوڭره بو لايحه داگوڭ غزته‌سيده نشر قيلينغاندين كيين چونكيڭ سياسى اورونلاريغا بك آغير تويولدى. بعضى حقوقدين خبرى بولغان و ملتله‌رگه حرمتى بار شخصيتله‌ر آغزيدا «يمان ايمه‌س» ديسه‌مو يه‌نه بر پارچه قويوغ سياستچى تشكيلله‌رنيڭ باشليقلارى بزگه قاتتيق ضربه برمه‌ك يولى بيله‌ن آغزيميزنى قولوفلاش و قلميميزنى سيندورروشنى اويلادى. بو ايشنى عملگه آشورروش اوچون خيلى

اويلونوشوب مركز دارالفونونينيڭ تاريخ پروفيسوری بولوب توركستاندا كوب سياحت قيلغان و خيلی تكشورگەن لی دوڭ فاڭ افندينی لايق تاپيب غزته آرقالی لايحەميزنی تأثيرسيز حالغا كلتورروشكه بلگولەدی. بو مقصد بيلەن لی‌افندی بو كتابداكی بيرنچی مقالەسينی مركز غزتەسيده (جوڭياڭريباو، ١٤ اوكتابر ١٩٤٤) نشر قيلدی. بو مقاله نيڭ گوررولتوسی و بر طرفدين يازغوچينيڭ شهرتی و علمی، يەنە بر طرفدين اونيڭ آرقا كوچی دوستلريميزنی خيلی قايغورتدی. اما بولار ملی بر مسلەكنيڭ تام مركز نقطەسيدين قايناب چيققان معنوی بر هيجان هايداقچيسينيڭ الهامی بيلەن خيلی بورونديـن مونداق كونلەر اوچون كوررولگەن حاضرليقيميزدين خبرسيز ايديلەر.

ديمەك لی دوڭ فاڭ افنديـنيڭ بو حركتی بيز اوزوندن بيری كوتكەن بير فرصتنی قوليميزغا كلتورروب برگەن بولدی. بو مناسبت بيلەن چين منور طبقەلەرينيڭ كوپدين بيری "يا بو يا او" ديب قطعی بر حكم برە آلمای قالغان قاراڭغو نقطەلەرنی آيدينلاتماق وظيفەسينی بوينومغا آلديم. لی افندی ايكی ماقاله نشر قيلدی و من اوڭا ايكی جواب ماقاله نشر قيلديم. بو مەزگيلدين چين منورلەری زور فائدالانيب توغرانی ينگوشدين آيريب آلماق اوچون بو ماقالەلەر يازيلغان غزتەلەرنی قولدين قولغا آيلاندورروب حقيقی تنقيد ميدانيدا ياريشقا كريشدی، و كوپچوليك ماڭا حق بريشدين اوزلەرينی توتالماديلەر. لی افندينی ايشقا سالغان سياسی ذاتلار ايشنيڭ اولارچه زيانليق طرفكه يورروب كتكەنلكينی كورگەچ همان بو مجادلەنی توختاتيش اوچون اوزلەری بالذات واسطەچيلك رولينی اويناغالی باشلاديلەر. بو رولنيڭ تأثيری بيلەن مجادله توختادی. اما بو مجادلەنيڭ تأثيری كونديـن كونگه چوقورلاشيب و يايليب كتەبردی. نتيجەده توركليكيميزگه، توركستانليق-ايكەنليكيميزگه و ملی مختاريت دعوالاريمزغا اقرار قيلش مفكورەسی چين افكارعاممەسيده آلدينی اليش ممكن بولمايدورغان بر اعتقاد آقيمی حالينی آلدی.

بوگونكی كوندە بو حركتيمزنی ياد قيلادورغان و آنديـن اولگه آلادورغان موقع قالمادی. چونكه حاضرده هربير منور يگيتيمز نيڭ قلميدن كوندەليك ديگەندەك چيقب تاراليب تورغان علمی و ملی مقالەلەر و اثرلەر بو كتابداكی مقالەلەرديـن كوچليك و نتيجەليكراق

کورونمکده دور.

لاکین آتا بابالاریمزنینڭ "اوتکن کونیڭنی ینوتما، شیره چاروقڭنی قوروتما" دیگەن سوزیگه عمل قیلیب بو نم مجدنەسینی بیر اوتموشنڭ اسلەمەسی شکلیده عزیز خلقیمیزکه تقدیم قیلەقچی بولامیز.

م. بوغر

اورومچی، ۱۹٤۸



# ینه بحث ایتالی تورکستانلیغلر تورکدور

( لی دوك فاكته جواب ) ( م-ا-بوغرا )

محمدامین بوغرانیڭ قه‌له‌مدین لی دوك فاكتنا قارشتا بیرینجی مقاله

*M.E.Buğra'nin, "Türkistanlıların Türk Olduklarını Yineleyelim" başlıklı yazısının ilk sayfası, yazarın elyazısıyla.*

# توركستانليق يورتداشلار اويوشماسی
# طرفيدين چين خلق حكومتی قانونِ اساسی
# مُسودَه سی توغروسيدا بريلگه‌ن مهم بير لايحه

چين جمهوريت حكومتينيڭ قورولدشيداكی مقصد قيسقاچه شولاردين عبارت ايدی:

١ـ چين‌نی استبداد حكومتيدين قورتقازيب ديموقراسی (خلق حكومتی) نيڭ حاكيمليقيغا يوتكه‌ب حريت، عدالت و مُساوات ديگه‌ن آذادليق نعمتيگه قاووشتورماق.

٢ـ چين دولتينی تشكيل قيلغان بش ملتنيڭ بعضيسی بعضيسينی قول قيليش و بيربيريگه دشمن بولوشلارينی يوق قيليب بو بش ملتنيڭ همه‌سينی هر ايشدا برابرليككه يتكوزمك.

٣ـ هر ملتكه اوزينی اوزی اداره قيليش حققينی برمك.

لاكين بو اشله‌رنی اوشتومتوت عملگه آشوروش قيين بولغانی اوچون بوڭا يواش يواش تيارليق قيليب ايلگيرله‌مك لازم كورولگه‌ن ليكی دين جمهوريتنی اورونلاشتوروش زمانينی اوچ دورگه آيريغان ايديله‌ر:

١ـ عسكرليك دوری، يعنی جمهوريتكه قارشی تورغانلارنی يوق قيلماق اوچون حكومتنی عسكرگه تاپشوروب عسكری اداره دوری.

٢ـ تربيه دوری، يعنی خلقنی اوزينی اوزی اداره قيلماقغا لايق ييتشتورمه‌ك اوچون حكومتنی خلق فرقسينيڭ اداره‌سيگه برمه‌ك دوری.

٣ـ خلقچيليق دوری، خلققه اوزينی ازوی اداره قيليش حقينی تاپشوروپ و ملتله‌رگه اوزينی اوزی اداره قيلادورغان ملی مختاريت بريب اصلی مقصد بولغان ديموقراسی دوری.

بو دورلەردین بیرینجیسی اچکی اغتشاشلار باسیلغاندین کیینلا آیاقلاشیب ایکینجی دورباشلاغالی اون نچە ییل بولدی. امدی بوکونلەردە کی سوقوش توگوگەندین کیین اوچینجی دور باشلاماقتا قرار بریلگەنی اوچون بو دوردەکی دیموقرات حکومتینکٔ قانون اساسی(آناقانون)سینی حکومت مسودە شکلیدە تیارلاب ۱۹٤٤نجی ییلینیکٔ باشیدا •هرکشینکٔ قانون اساسی حقیدە فکر و تکلیفی بولسا برسون• دیب اعلان قیلغان ایدی. بو اوچون تورکستانلیق یورتداشلار اویوشماسینیکٔ دائمی اعضالاری بو قانون اساسی مسودەسینی اوقوب ازون تدقیق قیلغاندین سوکٔ تورکستان حقیدە بیرمونچە کامچیلیق تاپدیلەر. بو اوچون چوکٔچیکٔدیکی اویوشما بناسیدا یورتداشلارنی توپلاب ایکی کون دوام قیلغان مهم مجلیسدە تورکستان حقیدە قانون اساسیغا کیرگوزمەك لازم کورولگەن فکرلەرنی قرارلاشتوروب یازیب اویوشما نیكٔ آتیدا ٥ آپریلدە حکومتکە بریلگەن ایدی. بو ایشقا تگیشلیك بولغان قانونِ اساسی تدقیق قومیسیونیدین: "یوکسەك فکریکٔلارغا آفرین. بیز بو فکرلەرنی مذاکرقیلامز" دیب جواب کلگەن ایدی.

بو لایحە ۱۲ اوکتابردا چین نیكٔ اكٔ بیوك غزتەسی بولغان داگوکٔباو دا باسیلیب تارقاتیلدی. امدی آلتای ادارەسی بو مهم لایحە نیكٔ عینینی داگوکٔباو دین ترجمە قیلیب سایغیلی اوقوغوچیلارغا عرض ایتەدور. بو لایحە توبندەکی ۱۹ مادە دین عبارتدور:

۱- تکلیپ: تورکستان اهالیسینیكٔ " تورك" اولوسی ایکەنلیکی آنیق اعتراف قیلینسون.

بیان :

دوقتور سونیاتسین انقلاب قیلغان چاغلاردا چین خلق دولتینیكٔ بش ملتدین تشکیل قیلینغانلقینی و بو بش ملتنكٔ مساوی(تەكٔ) بولغانلیق شمارینی اورتاغا چیقارغان ایدی. بش ملت دمەکدین مقصد چین، مانجو، مونغول، مسلمان تورك و تیبت دیمەکدور. دوقتور سونیاتسین "سانمین جویی (اوچ تورلوك خلق مسلکی)" دە ملی مسلکنیكٔ بیرینجی درسیدە "چینغا قوشولغان بر ملیوندن آرتوغراق اسلام دینیدا بولغان تورکلەر

باردور" دیمشدور. بو مسلمان توركلەر بولسا توركستان اهالیسیدن عبارتدور و حقیقتکه بك اویغون بر سوزدور.

سوڭ چاغلاردا توركستان اهالیسینی اویغور، قزاق، قیرغیز، تارانچی، اوزبك، تاتار، و تاجیك دیگەن آتلارغا آیریغانلار بولسامو بو یته آتنیڭ هر بیری بیرەرآیماقنیڭ آتی بولوب هرگز اولوس آتی ایمەس دور. بو یته آیماقنیڭ ملیتی، تیلی، دینی و عرف عادتی بیردور و آیریملیقی یوقدور. آران بیر ملتکه منسوبدورلەر و بو ملت بولسا تورك اولوسیدور. عادتده اشلەتیلیب (یعنی چیندا ایشلەتیلیب) کلگەن "خوی" (مسلمان) اولوسی دیگەن سوز توركستانداکی هیچ بیر آیماق‌نیڭ آتی ایمەسدور. مانا بو سببلەردین توركستان اهالیسینی تورك اولوسی دیب آتاماق علمی و تاریخی یاقدین حقیقتکه بك اویغون و توغرودور.

٢ــ تکلیپ: قانون اساسیدا توركستانداکی تورك اولوسی مختاریتنیڭ اساسی مادەلەری کورسەتیلسون.

بیان:

"جنگوداگاڭ (حکومت تشکیلاتینیڭ یاساسی)" آتلق کتابنیڭ تورتینجی مادەسیدە "حکومت ایچیدەکی کچیك و کوچسیز ملتلەرگە یاردم قیلیب کوتەریب اوزینی اوزی ادارە قیلاآلادورغان حالغا کلتورەدور" دیب قرار قیلینمیشدور.

چین خلق فرقەسی (گومینداڭ) حکومتی اوز آراسیدەکی کچیك ملتلەرنیڭ اوز ایشینی اوزی قرارلاشتورماق حقی بارلقینی قطعی شکلدە تانویدور. و ینە چین خلق فرقەسینیڭ سکیزنجی ملی قورولتاییدا: دولت ایچیدەکی هربیراولوس و دینلار آرا موازنە و اتفاق پیدا قیلش و بو یول بیلەن سوقوشنی اوتوش و حکومت تشکیلاتیدا موافق بولوش سیاستی قرار قیلینغاندا "هربیر اولوسنیڭ حقیدەکی سیاستنی اولارنیڭ مختاریت قابلیتلەرینی اوستورمك و حیات طرزلەرینی اصلاح قیلماق یولی بیلەن اولارنیڭ مختاریت اساسلارینی قورماق خط حرکتی بیلەن یوروتمك" قراری قبول قیلینمشدور.

بولاردین اڭلانغانغا کورە دولت ایچیدەکی کچیك و کوچسیز اولوسلارنی مختاریتکه یتکوزوش یالغوز زوڭلی (دوقتور سونیاتسین) نیڭ

وصيتى بولماق بيلەن غينه قالماى، چين خلق فرقەسينيڭ بوگونگەچه ايشلەتيب كلگەن سياستيدور.

تورك اولوسى بولسا دولت ايچيدەكى "كچيك و كوچسيز" اولوس لاردين بيريدور. قانونِ اساسيدا اونيڭ مختاريتى نيڭ اساسلارينى تعيين قيلماق بك طبيعى بير ايشدور.

٣_ تكليف: قانون اساسينيڭ تورتينجى مادەسيدەكى "شيڭ جاڭ" سوزى "توركستان" سوزيگه تگيشتورولسون.

بيان:

"شيڭ جاڭ" سوزى بولسا مانجو استبداديڭ يارأغ كوچى بيلەن ايش قيلغانليقيدن پيدا بولغان بير آتدور. توركستان نيڭ بير ولايت بولاقى كيرەك ملى و جُغرافى و كيرەك مدنى و اقتصادى اعتبارى بيلەن هيچ حقيقتكه اويمايدور. توركستان بولسا تاريخ چاغلاريدين اعتباراً "توركستان"آتى بيلەن آتالب كلگەن بير يورتدور. "ستان"بولسا توركچه و هم فارسچه بير سوز بولوب "ير" ديمەكدور. اگر "شيڭ جاڭ" سوزى نيڭ اورنيدا "توركستان" سوزينى ايشلەتمكدە بير تردد بولسا (يعنى چينچەدە تلفظى قيين بولسا) چينچه ايتيليشدا "توچيوستان" دييلسەمو موافق بولور.

٤_ تكليف: قانون اساسى مسودەسينيڭ ٥ نجى مادەسى توبەن دەكى شكيلگه اوزگەرتيلسون: "چين دولتى حدودلارى ايچيدەكى هر بير اولوس چين خلق حكومتينى تشكيل قيلغان بيرەر اعضادور."

بيان:

دنيا دولتلەرى آراسيدا يالغوز بير اولوسدين تشكيل قيلغانلارى بولغاندەك تولاراق دولتلەر بيرمونچه اولوسدن مركبدور. چين خلق حكومتى ييڭى تشكيل بولغاندا بو دولت بش اولوسدين مركب ديگەن شعارنى اورتاغا چيقارغان ايدى. بوندين چين خلق حكومتينيڭ يالغوز بيرغينه اولوسدين تشكيل بولماغانليقى آچوق كورولوب تورماقدادور. قانون اساسى مسودەسينيڭ بشنجى مادەسيدە: "چين دولت ملتى" ديگەن بير سوز باردور. بو سوزنيڭ معناسينى تولا اويلاب آڭلاياآلمادوق و بو

حقده تولا قایغو و گمانغا توشدوك. اگر دولت حدودی ایچیده‌کی کچیك اولوسلارنیڭ دائمی یاشاش و بارلقینی تونوسا اوچاغدا "چین دولت ملتی" دیگه‌ن سوز اورونسیزدور. تورك اولوسینی مثالغا آلساق، بو اولوس اوزینیڭ سیاسی اورنی اعتباری بیله‌ن توغروسی چین خلق حکومتینیڭ بیر اعضاسیدور. فقط چین دولت ملتینیك بیر پارچه‌سی ایمه‌سدور. چونکه "چین دولت ملتی" دیگه‌ن سوزنیڭ معناسی آڭلانمایدور. زوڭلی(دوقتور سونیاتسین) سان مین‌جویی‌دا "بیر اولوس بولاق اوچون عِرق (قان) حیات طرزی، تیل، دین و عرف و عادت بیرلیکی شرطدور" دیب یازیبدور. تورك اولوسنی بو بش شرطنیڭ همه‌سیگه ایگه‌دور، و دولتنی قورغان باشقا اولوسلار بیله‌ن برابر توروب دولت تشکیل اتمك و برابر حقوققا ایگه بولماققا یتیشمه‌یدورغان یری یوقدور.

۵ــ تکلیف: قانون اساسی مسوده سینیڭ بشنجی ماده سیدین کیین توبنده‌کی بیر ماده قوشولسون:

"چین حکومتی حدودلاری ایچیده‌کی هربیر اولوس سیاست، اقتصاد، معارف، مدنیت، دین، اجتماعیات، تیل، خط و هربیر حقده برابر."

بیان:

اولوسلار نیڭ برابر لیکی سان مین جویی مسلکینڭ اڭ مهم اساسلاریدن بیریدور. قانون اساسی مسوده سینیڭ بشنجی ماده سیده "همه برابر دور" دیگه‌ن قرار یازیلغان بولسامو بك قیسقا و مُجمل بولغانی اوچون آچوق و توتوملوق بیر شکیلده کورسه‌تلگه‌نده‌ك یاخشی بولالمایدور.

۶ــ قانون اساسی مسوده سینیڭ ۷ــ ماده سیدین کیین توبنده‌کی بیر ماده قوشولسون:

"چین خلق حکومتی ایچیده ایشله‌تیلگه‌ن پوللار و مارقه‌لر دولت ایچیده‌کی هر بیر اولوسنیڭ خطی بیله‌ن باسیلب تارقاتیلادور."

بیان:

پول و پوسته و هر تورلوك باج مارقه‌رینی باسیب تارقاتماق

يالغوز مركز حكومتنكٔ حقيدور. و باشقالار باسيب چيقاراماسلەر. بو بولسا بير حكومتنيكٔ ادارەسى آستيدا بولغانليقنيكٔ علامتيدور. بو اوچون بونى قانون اساسيدا كورستمەك لازم بولور. چين حكومتينيكٔ بوروندين برى ايشلەتيب كلگەن پول و پوستە مارقەلەرى يالغوز چينچە و بعضيلەرى دە ياتلرغا اوگٔايلق بولسون ديب انگليزچە باسيلب كلدى. لاكين دولت ايچيدەكى اولوسلارنيكٔ خطى باسيلمادى، بو اوچون بو اولوسلارنيكٔ چينچە بيلمەگەنلەرى حكومتنيكٔ پول و مارقەلەريغە علاقە كورسەتمەدى و تولا چاغلاردا (خطينى اوقويالماى و بهاسينى بيلەلمەى) ياگٔليش ايشلەتيب تولا زيان كوردى. اونيكٔ اوچون دولت ايچيدەكى هر بير اولوسنيكٔ خطى هم باسيلماقى يالغوز برابرليكنى كورسەتيش بيلەنغينە قالماى بلكە بونيكٔ اوستيگە بتون اولوسلارنيكٔ اتفاق بولغانليغينيمو كورسەتەدور.

٧ـ قانون اساسى مسودەسينكٔ ١٥ـ مادەسى توغروسيدا ايكى فكريمز باردور:

(١) "دينى ايشلەر قانونغا قارشى بولماغان شرط بيلەن منع قيلنماس" ديگەن شرط يوق قيلينسون.

(٢) توبندەكى ييگٔى بير مادە قوشولسون:

"دين طرفيدن منع قيلنغان ايشلەرگە هيچكيم قارشى تورالماس، دينگە قارشى تشويقات قيلنماس."

بيان:

سياسى تربيە دورى قانونينيكٔ برنجى مادەسيدە "خلق دينگە اينانماقدا آزاد دور" ديب قرار قيلنغان ايدى. قانون يالغوز دين‌نى محافظە و حمايە قيلادور. اما هيچ تاچان دينىنى ييگٔى بير قاليپقا سوقالمايدور. بو اوچون "قانونغا قارشى بولميغان شرط بيلەن منع قيلينماس" ديب قرار برمەككە هيچ لزوم يوقدور.

هر بير دينينكٔ منع قيلغان ايشلەرى بار دور. او دين غا اينانماغالار نيكٔ حقوق اعتبارى بيلەن بو منعلەرگە حرمت قيلماقلارى و بوزماسليقلارى كيرەكدور. قارشى تشويقات قيلش هم انسانيتكە توغرى كلمگەن بير ايشدور. بو اوچون بونى قانون اساسيدا آچيق كورسەتيلسون.

٨ـ قانون اساسي مسوده سینیڭ ۲۷نجی ماده سینیڭ ایکنجی جمله سیده "مونغول" سوزینڭ یانیغا "تورك" سوزی قوشولسون.
بیان :
ملی قورولتای وکیلله‌رینیڭ سایلانیشی حقیده مونغول و تیبتگه مخصوص بر قارار باردور. تورکله‌رمو بو قاراردا شریك بولسون و بو صورت بیله‌ن "چین دولتیده‌کی اولوسلار برابردور" دیگه‌ن لایحه‌گه اویغون بولسون.

٩ـ قانون اساسي مسوده سینیڭ ۲۷ نجی ماده سینڭ سوڭیغا توبن ده‌کی بیر جمله قوشولسون: "ملی قورولتایغا وکیل سایلاناق هریرنیڭ اوز یرلیك خلقیغه مخصوصدور"
بیان:
ملی قورولتای هریرنیڭ خلقیغه وکیللیك قیلغان اوچون هریردین سایلانغان وکیلنیڭ اویرنیڭ اوزیرلیك خلقیدین بولماقی کیره‌کدور. بیر یرنیڭ آتیغا باشقا یرله‌ردین بولغان کشیله‌ر سایلانیب یرلیك خلق حقی نیڭ ضایع بولوشینیڭ آلدینی آلماق اوچون بو جمله‌نی قانون اساسیدا کورسه‌تمه‌ك کیره‌کدور.

١٠ـ قانون اساسي مسوده سینیڭ ٦٧ نجی ماده سینیڭ سوڭیغا "ترکستاندین ١٠ کشی" دیگه‌ن سوز قوشولسون.
بیان:
هربیری سکیزدین وکیل ایبه‌ریش حقیغه ایگه بولغان مونغول و تیبت دین تورکستاننیڭ نفوسی خیلی کوبدور. بو اوچون "تورکستاندین اون کشی" دیب کورسه‌تیش کیره‌کدور.

١١ـ قانون اساسي مسوده سینیڭ ۸۱ نجی ماده سیدین کیین توبنده‌کی بیر ماده قوشولسون:
"حدود مملکتله‌رده‌کی دعوا و سوراق ایشله‌ری شو یرلیك اهالینیڭ اوزتیلی و خطی بیله‌ن بولادور"

AltunOq

بیان :

"دعوا" دیمك خلقنیڭ حق تلەمەکی و "سوراق" دیمك حقنی و حقسزلیقنی آیریماق دیمەکدور. و بونیڭ خلق حقوقی و ارکینلیکی بیلەن علاقەسی چوڭدور. دولت ایچیدەکی اولوسلارنیڭ تیللاری بیر ایمەسلیکی معلومدور. بو اوچون هربیر اولوسنیڭ دعوا و سوراق ایشلەری اوز تیلیدا بولماقی بك کیرەکدور. شونیڭ اوچون بونی قانون اساسیدا آنیق و آچوق کورسەتمەك لازمدور.

۱۲ــ قانون اساسی مسودەسینیڭ ۸۵ نجی مادەسیدین کیین توبەندەکی بیر مادە قوشولسون:

"هرتورلوك امتحانلار هربیر اولوسنیڭ اوز تیلیدا و خطیدە بولادور"

بیان :

قانون اساسی مسودەسینیڭ ۲۰ نجی مادەسیدە "خلقنیڭ قانونغا کورە امتحانغا کیرش حقی باردور" دیب قرار قیلنمیشدور. ۸۵ نجی مادەسیدە "مأمورلار و خصوصی مسلك و صناعت ایگەلەرینیڭ صلاحیت لەری امتحان مجلسینیڭ امتحانلاری بیلەن قرارلاشتورولور" دیگەن قرار باردور. و ینە قانون اساسی مسودەسینیڭ ۱۰۸ و ۱۱۲ نجی مادەلەریدەکی قرارلاریغا کورە "حاکملار و بلدیە رئیسلەرینیڭ هەمەسی امتحاندین اوتکەن کشیلەردین سایلانادور". و بوکا اوخشاش قرارلارنیڭ هەمەسی حدود ملت لیرینیڭ احوالینی کوزالدیدا توتماغان قرارلاردور. حدود خلقی بیز طلب قیلغان مادەسیزبولغان بو قرارلارنیڭ آستیدا هیچ بیر امتحانغا قوشولالمای دور و بو بولسا حقیقتدە ٥ نجی مادە دەکی " همە برابردور" دیگەن مهم اساسقا اویمایدور. شونیڭ اوچون بو مادەنی قوشماق ایستەیمز.

۱۳ــ قانون اساسی مسودەسینیڭ ۹۰ نجی مادەسیدەکی "مونغول" نیڭ یانیغا "تورك" سوزی قوشولسون.

بیان :

۸ــ مادەدەکی بیانغا اوخشاش.

۱٤ــ قانون اساسی مسوده سینیڭ ۹۹ نجی ماده سیگه شو جمله قوشولسون:

"والیلارنیڭ مححق یرلیك خلقدین بولماقی و خلق طرفیدین سایلاناقی شرطدور".

۱۵ــ قانون اساسی مسوده سینڭ ۱۲۲ نجی ماده سیدن کیین توبنده کی بیر ماده قوشولسون:

"چین دولتی ایچیده کی هربیر اولوسنیڭ هردرجه ده کی اوقوش لاری اوز تیلیدا بولادور. چینچه بولماغان مکتبله رده اورتا مکتب دین باشلاب چین تیلی مهم درسله ردین بیری بولوب اوقوتیلادور".

بیان :

دولت حدودی ایچیده کی حدود اولوسلارینیڭ هر بیرینیڭ اوز تیلی باردور و چینچه اوقوب بیلگه نله ر بك آزدور. دولت ایچیده کی هر بیر اولوس معارفینیڭ بیر شکیلده برابر ترقی اتمه کینی ایسته سه ك او تقدیرده هردرجه ده کی مکتبله رده اوز تیللاریدا اوقوتماق حقیقی احتیاجی غا اویغون بولادور. اگر چینچه بیلیش خلق اوچون ضرور کورولسه او تقدیر ده حدودده کی اولوسلارنیڭ مکتبله ریده اورتا مکتبدین باشلاب چینچه نی مهم درسله ر قاتاریدا اوقوتماق ممکن بولور.

۱٦ــ قانون اساسی مسوده سینیڭ ۱۲٦ نجی ماده سیگه توبه نده کی بیر جمله قوشولسون:

"تورکستانده کی مکتبله رده اویرنڭ مخصوص احتیاجلاریغا کوره دینی درسله ر اوقوتولادور"

بیان :

تورك ملتی همه سی اسلام دینیدادور و اسلام دینینی اورگه نمه ك او خلقنیڭ احتیاجلاریدیندور. اگر اویرده کی مکتبله رده دینی درس بولمیغان تقدیرده خلقده مکتبکه کریش ذوقینیڭ ضعیف بولماقی نیڭ احتمالی بار دور. بناًعلیه یوقارقیده ك بیر سوز قوشولسون.

١٧ــ قانون اساسی مسوده سینیڭ ١٢٢ نجی ماده سیدن کیین توبنده‌کی بیر ماده قوشولسون:
"هرتورلوك علمی، فنی و ادبی مکتب درس کتابلاری مرکزی حکومت طرفیدین دولت حدودی ایچیده‌کی هربیر اولوسنیڭ تیلیغا ترجمه قیلینیب بو یول بیله‌ن خلق علم و فنگه تشویق قیلینادور."
بیان :
خلق فرقه سینیڭ سکزنجی قورولتای قرارنامه‌لری ایچیده "مخصوص حدود تیللاری ترجمه ایشله‌ری اداره سی آچیلیب هر اولوسنیڭ تیللاریغا مکتب درس کتابلاری ترجمه قیلینسون." دیگه‌ن قرار باردور. بو قرار آچوق صورتده قانون آساسیغا قویولسون.

١٨ــ قانون آساسی مسوده سینیڭ ١٢٨ نجی ماده سیدین کیین شو جمله قوشولسون: "قانونلار هر اولوسنییڭ تیل و خطی بیله‌ن اعلان قیلنادور."
بیان :
قانون دیمه‌ك بتون خلقنیڭ اطاعت اتمه‌کی لازم بولغان بیر یول یاروق دیمه‌کدور. و بونی هربیر کشینیڭ آچوق آڭلامیقی کیره‌کدور. اونڭ اوچون اعلان قیلینغاندا هربیر اولوسنیڭ تیل و خطی بله‌ن بولماقی ضروردور.

١٩ــ قانون اساسی مسوده سینیڭ ١٤٢ نجی ماده سینڭ ایکی یریده‌کی "مونغول" سوزینیڭ یانیغا "توركستان" سوزی قوشولسون.

# شيڭجاڭليقلار تورك مو؟

## پروفيسور لى دوڭ فاڭنيڭ مقالەسى

( توركستانليق يورتداشلار اويوشماسى (چوڭكيڭ) طرفيدين چين خلق حكومتى قانونى اساسى مسودەسى توغروسيداكى لايحە قانونى اساسى قوميسونيگە بيريلب ١٩٤٤- ييلى ١٠-آينيڭ ١٢-كونى "داگوڭباو"دا باسيلب چقفاندين كيين ١٩٤٤- ييلى ١٠-آينيڭ ١٤-كونى "جوڭياڭ رباو" غزتەسيدە لى دوڭ فاڭ آتليق بر كشينڭ مقالەسى نشر قيلندى، بو مقالە نڭ باشى "شيڭجاڭ ليقلار توركمو؟" ديمەكدين عبارت بولوب مضمونى يورتداشلار اويوشماسى طرفيدن بيريلگەن لايحەگە قارشيلق كورسەتمەكدين باشقا بير نەرسە ايمەسدور. بو مقالەدەكى سوزلەرنيڭ هەمەسى علمى و سياسى اعتبار بيلەن خطا بولوب بير جملە توغرى سوز يوقدور. بوڭا كورە جواب برمەك كە ارزيمەيدور. لاكين گومنداڭ نڭ رسمى غزتەسى بولغان "جوڭياڭ رباو" دا باسلغانليقى اوچون افكار عامەگە آزتولا تأثير برمەى قالمايدور. بونيڭ اوچون بو مقالەگە قارشى علمى شكلدە بير جواب يازدوق. لى دوڭ فاڭ نيڭ مقالەسينيڭ تركچەسى شو دور:)

توڭ شاڭخوى(يورتداشلار اويوشماسى) ديگەنلەرطرفيدن نشرقيلنغان توڭ شياڭ خويى نيڭ قانونِ اساسى مسودەسى حقيدەكى تكليفى نيڭ ١-نجى سطريدە "لطفاً توركستان ملتى تورك ديب توختاتلسون"، ٢-نجى سطريدە "لطفاً قانون اساسيدا توركستان توركلەرينيڭ مختاريتى حقيدە مادە توختاتلسون"، ٣-نجى سطريدە "لطفاً قانون اساسينيڭ ٤-نجى مادەسيدەكى 'شيڭجاڭ' سوزى' توركستان' سوزيگە اوزگەرتيلسون" ديلميشدور.

بيرينجى سطردەكى "لطفاً توختاتليسون" ديگەنلەرينيڭ معناسينى اڭلا يالمادوق. حكومت طرفيدن امر بيلەن توختاتشنى سوراغانلارمو ايكەن؟

منچه بو بولسا علم دائره‌سی ایچیده‌کی بیر مسئله‌دور. حکومتنیڭ توختاتیشینی التماس قیلماق لازم ایمه‌سدور.

حکومت مو چوڭچیڭداکی برنچه شیڭجاڭلیق‌نیڭ فکری بیله‌نغینه بیر ملیون‌دین آشوق بولغان قرداشلار راضی بولمایدورغان و بلکه خیالیغامو کلتوره‌لمایدورغان بیر آتقا اوزگه‌ته‌لماس.

لایحه ایچیده "اویغور، قزاق، قیرغیز، ترانچی ، اوزبك، تاتار و تاجیك قا اوخشاش آتلار قبیله آتیدور. ملت آتی ایمه‌س" دیگه‌نگه من راضیدورمن. قبیله دیگه‌ن سوزنی قبیله‌ملت دییلسه یاخشی بولورایدی. بونیڭ اوستیگه دیمیشله‌رکی: " بو یه‌تتی قبیله نیڭ عرقی، دینی، تیلی عرف و عادتینیڭ اوخشامایدورغان یری یوق. بولار بیر ملت، یعنی تورك ملتیدور و شرقی تورکستان ملتیدور. بو آت بولسا تورکستان اهالیسینیڭ تاریخی آتیدور." بو سوزله‌رگه من راضی بولالمایمن. اساساً اویغور بیله‌ن تورك‌نی آرالاشتوروب سوزله‌گه‌لی بولمایدور. اویغور کلمه‌سی چین‌نیڭ اسکی کتابلاریداکی اوخو، وی خو، خوی‌خه دیگه‌ن آتلار بیله‌ن بیردور. اویغور و تورکله‌ر چین‌نیڭ سوی و تاڭ خاندانلاری زمانه‌سیده تولا ترقی قیلغانلار ایدی. تورکله‌ر تاڭلارغا قارشی عصیان قیلغان چاغ لاردا اویغورلار تاڭ لارغا یاردم قیلغان ایدیله‌ر. بو حالدا بیز قانداق قیلیب اویغورلارنی تورکاله‌رنیڭ بیر پارچه‌سی دیه‌الەیمز.

قزاق بلکه سوویت ایچیده‌کی "کوساکه" بیله‌ن بیر ملتدور. بولار آت قا یاخشی مینه‌دور. بولارنیڭ کلگه‌ن ییری بوکونگه‌چه معلوم ایمه‌سدور. من بیر قیتیم فویه‌ن (جیمسار) دا اولتوروشلق بیر نچه قزاق آغینالاردین سورادم، اولار یالغوز مونغولیستاندین کلگه‌نلکینی سوزله‌مه‌کده‌دور. مثلا اویغورلامو مونغولیستاندین کلگه‌ن ایدی. قزاقلارنیڭ کلگه‌ن ییرینی ایتماق قیندور. او قزاق دوستلارم اوزآغزی بیله‌ن مکاً "بز اویغور بولماغان ده‌ك تورك هم ایمه‌سمیز" دیگه‌ن ایدیله‌ر.

قیرغیزلار بولسا: بیز اولارنی تاڭ شو آتلق کتابداکی "گوکاس" دیسه‌ك اولار اویغورلارغا قوشنا بولوب اویغورلارنیڭ موغولیستاندین شیڭجاڭغا کتمه‌کیگه گوکاس لارنیڭ علاقه‌سی باردور. اما اولار ینه تورك ایمه‌سدور.

AltunOq

ترانچیلار اویغورلار بیلەن ملتداشدور. دهقانچیلق اوچون ایلیغا کلگەن اویغورلارنیڭ باشقاچە آتیدور.

اوزبکلەر تولاراق اورتا آسیا (بزنیڭ اسکی ییریمیز) دە، تاشکند و سمرقند اطرافیدا اولتورادورلەر. اولار اولتورغان ییرلەر بولسا تاریخداکی دایوشیلارغا اوخشاشدور. یوشی دیگەن کلمە نیڭ اوقولوشی شایان تدقیق دور. انگلیزچە یازیلغاندا همیشە " U " بیلەن یازلادور. بز اولارنی دایوشیلارنیڭ اولادی دیگەن وقتیمیزدا اولارنی تورك دیشیمیزگە اورون قالمایدور. اویغورلار تولاراق قارا کوز بولوب اوزبکلەرنیڭ کوزلەری بغیر رنڭ غە اوخشایدور. من تولا اوزبکلەرنی کوردوم. اولار بك چیرایلیق دورلەر. کوزدین بحث قیلغان چاغدا تقریباً همەسی کوك کوزلوك بولغان تاتارلارنی بیز قانداق تورك دیەلایمیز اولار آران "بیز مونغول" دیب اقرار اتمەکدەدورلەر. اولار چنگز خان بیلەن غربکە یورروب جورجیا (گورجستان)دا اوررونلاشیب آق جینسلار بیلەن آرلاشقانلقینی سوزلەمەك دەدورلەر و بوکاڭ قناعت کلتورگەن حالدادورلەر.

تاجیکلەرنی تورکلەرنیڭ ایچیدە حسابلاش اوچون آرتوق درجەدە آیلانماق کیرەکدور. تاجیك ایرانچە بیر سوزدور. اولار عربلەرنی تاجیك دەر ایدیلەر. بوگون شیڭجاڭ نیڭ پولی (تاش قورغان) ناحیەسیدە تولا دور. کاشغردە بیرآز تاجیك باردور. تاجیك تیلی اویغور تیلی بلەن بیر ایمەس و آراسیدا فرق چوڭدور.

یالغوز بوگونکی تیل بیرلیکیگە قاراب اسکیدەکی عرق بیرلکینی چیقارماق فنگە توغری کلمەیدور. حالبوکە بو یتتە قبیلە ملتلەرینیڭ تیلی مو بیر ایمەس. عرف عادتدین بحث قیلساق اویغورلارنیڭ تولاسی دهقانچیلق بیلەن مشغول بولوب قزاقلەرنیڭ تولاراقی پاتاچیلق بیلەن مشغولدورلەر. بو حالدا عرف و عادتی قانداق بیر بولغان بولادور؟ منیڭ آلغان تأثیریمچە اولارنیڭ عرف و عادتی هیچ اوخشیمایدور.

من اسکیدین شیڭجاڭنی، خصوصاً شیڭجاڭلیقلارنی یاخشی کورەمن. من بیر قتیم شیڭجاڭنی سیاحت قیلغانیمدین کیین شیڭجاڭغا ینەبیر قتیم باریب اویردەکی تورت یاریم ملیون قرداشلار ایچیدین بك ادبلیك و صنایع نفیسەنی بك آڭلاغان کشیلەربیلەن برابر ابدی حیات

كچورمەك آرزوسينى بيرساعت بولساموهيچ قاچان اونوتمادم. لاكين من همه نيڭ سان مين جوي نيڭ الڭ يوكسەك تيلەگينيڭ پيشيدە يورمەكينى ايستەيمن. لاكين مسئله اورتا آوروپا و بالقانداكى اون نچە عاجز ملتلەر نيڭ يرليك مختاريت تلەگەنليكيدەك التماسلارغا باغلانيب قالماسون. حقيقتدە چينليق بولسون، مونغول بولسون كيم مختاريت ايستەمەيدور؟ لاكين مختاريتدە ناحيە بير مقياس بولوب ولايت بير مقياس بولماسليق لازمدور. خصوصاً عرق و تيل و دين ديب يير بولوشمەسليك كيرەكدور.

شيڭجاڭ ديگەن ايكى كلمەنى آلب ولايت آتى قيلماق منچە اوررون سيزدور. "شيڭ"(ييڭى) كلمەسى بك ناتوغرادور. اگر اونى شى(غرب) ياكە گو (اسكى) كلمەسيگە تيگشتورسە (يعنى "شى جاڭ" ياكە "گوجاڭ" ديبلسە) بيرآز ياخشيدور. الڭ ياخشيسى بك طبيعى اولاراق "تيان شان" ولايتى ديبلمەكيدور. لاكين من فارسچەدەكى "ستان" كلمەسيننى آليب بيزنيڭ ولايتيميزنيڭ آتيغا قوشماقتا قطعياً راضى ايمەسمەن.

سوزنيڭ سوڭيدا من شى جى، خن شو، اسكى تاڭ شو و ييڭى تاڭ شو دين عبارت بولغان تورت پارچە تاريخ كتابيدا بك آچوق يازيلغان سوزلەرنى اسلەتەمن: "هونلار شاخوشى نيڭ اولادى، اويغورلار هونلارنيڭ اولاديدور".

(لى دڭ فاڭ نيڭ مقالەسى توگيدى)

# ها ! توركستانليقلار توركدور

محمد امين بوغرانك لی دوك فاكغاجوابى

(جوك ياك رباو، ١٩٤٤- ييلى١٠- آينيك ٢١- كونى)

بو ييل ١٢_ اوكتەبردە توركستانليق يورتداشلار اويوشماسى طرفيدين قانون اساسى مسودەسى حقيدە بريلگەن لايحە اعلان قيلينغان ايدى. لى دوك فاك آتليق بير كيشى بوگا قارشى "توركستانليقلار توركمو؟" ديگەن باشليق آستيداكى مقالەسينى ١٤اوكتەبرجوگياك رباو(مركزغزتەسى) دە نشر اتدى. من توركستانليق يورتداشلار اويوشماسينيك دائيمى اعضاليقى صفتيم بيلەن لى افندى نيك مقالەسيگە جواب يازماقچيدورمن. بو جوابيمنى پوتون چين‌ديكى قرداشلارغا اعلان قيلامن.

توركستانليق يورتداشلار اويوشماسينك برگەن لايحەسى ١٩ مادە دين عبارت ايدى. لى افتدينيك مقالەسى بو ١٩ مادە دين ٢ مادەغا يعنى بيرينجى‌دن اوچينجى مادەغاچە اعتراض كورسەتكەنليكى اوچون من مو شو اوچ مادەنيك احاطەسيدين چقماى بو حقدە آچوقدين آچوق توشەندوروب اوتەمن. و بونيك اوچون بو اوچ مادەنى بيربيرلەب كوزدين اوتكوزوب چيقامن:

١_ توركستان خلقينيك تورك ملتى بولغانلقينى قطعى تونوماق.

٢_ تورك ملتينك مختاريتينى قانونِ اساسى‌دا قرارلاشتورماق.

٣_ قانونِ اساسى مسودەسينيك ٤نجى مادەسيدەكى شيگجاك سوزينى "توركستان" سوزيگە اوزگەرتمەك.

لى افندينيك مقالەسى يوقارقى اوچ مادە حقيدە يازيليب "توركستانليقلار توركمو؟"ديب سوراماق بيلەن باشلاغانليقى اوچون من مو بو مقالەم نى "ها! توركستانليقلار توركدور" ديگەن جواب بيلەن باشلاديم.

لی افندی، "حکومت طرفیدین امر بیله‌ن توختاتشنی سوراغانلاریمو ایکین؟ منچه بوعلم دائره‌سی ایچیده‌کی بیر مسئله‌دور. حکومتدین سوراماق لازم ایمه‌سدور و هم حکومت مو چوگچیگداکی بیرنچه شگجالالقنیڭ فکری بیله‌ن غینه بیر ملیونددین آشوق بولغان قرداشلار راضی بولمایدورغان و بلکه خیالیغامو کلتوره‌آلمایدورغان بیر آتقا اوزگه‌رتمه‌س" دیب یازادور. بو سوزله‌ر بولسا لی افندینیڭ تورکستانداکی یرلیك‌خلق‌نیڭ تورك ملتی ایکه‌نلیکیگه فوق‌العاده جاهل بولغانلقیدین دور. تورکستان خلقینیڭ بوگون غینه تورك‌آتالغانلیقی‌خیال قیلینماسون. بو بولسا بك اسکی چاغلاردین قالغان بیر آتدور. علم دنیاسیدا تولا اوزون چاغلاردین بیری ته‌کشیریلیب بوتون دنیادا تونولوب کلگه‌ن بیرنه‌سه‌دور. میلادیدن ٤٠٠ ییل بورون اوتکه‌ن یونان تاریخچیلاری هزودوت و پلین و اولاردن تخیمو قدیمراق بولغان هندستان و ایران کتابلاری تورکستان اهالیسینی " تورك ملتی" دیب آتاب کلگه‌ن. چین‌نیڭ اسکی تاریخ کتابلاریدا هم تورك آتی یازیلمیشدور. بونیڭ اوستیگه دوقتور سونیاتسین "سان‌مین جویی" نیڭ "ملی مسلك" بابیدا تورکستانلیقلارنی "تورك" دیب آتایدور. مانابیزنیڭ حکومتدین سوراغانیمیز سان‌مین جویی کتابیداکی بو علمی حقیقتکه اعتراف اتمه‌کدور. بو بولسا بوتون تورکستان اهالیسینڭ فکری بولوب یالغوز بیگیدین چیقاریلغان بیر فکر ایمه‌سدور. اگر بونی یورتداشلار اویوشماسیداکی بیرنچه کشینڭ فکری دیب گمان قیلینسا بك چوڭ بیر خطادور. مونداق بیر تله‌کنی سوراماق یالغوز تورکستانلیقلارنیڭ وظیفه‌سی بولوبغینه قالمای بلکه علم‌گه حرمت قیلادورغان هربیر کشینیڭ وظیفه‌سیدور. اگر بیز بو تاریخی و علمی آتقا اقرار قیلماساق علم‌گه حقارت قیلغان بولامیز و تاریخقا کچیك قاراغان بولامیز. و بونیڭ اوستیگه دوقتور سونیاتسین نیڭ وصیتینی معناسیز تنقید قیلغان بولامیز. تورکستان ملتی‌نی تونوتقان و اولار اوز اوزینی آتاب کلگه‌ن بیر آتدورکه بونی حکومت قانون اساسیدا تونوسا، هم علم‌گه و هم دوقتور سونیاتسین نیڭ وصیتیگه بك اویغون و طبیعی بیر ایش بولادور.

لی افندی "تورکستانداکی اویغور، قزاق، قیرغیز اوزبك، ترانچی، تاتار و تاجیك دن عبارت بولغان یه‌تتی آتلیق خلقنی بیر تورك ملتی

دیگەلی بولمایدور" دەیدور. و ینە "اویغور بیلەن تورکنی آرالاشتورغالی بولمایدور" دەیدور. بو سوز بك چوڭ خطادور. چونکە اویغور تورك ملتینیڭ بیر پارچەسیدور. و بونی دنیا عالملاری شونداق تونویدور. مونغولیستانینیڭ شمالیداکی اورخون دریاسینیڭ غربیداکی قرابالغاسون شهر خرابەسیدین ۱۸۹۲ییلدە دانیمارقا (دانیە) لیك تومسون و ۱۸۹۵ ییلدە روسیەلیك رادلوف دیگەن عالملار بیر اویغور آبدەسیگە یازیلغان خطلەرنی اوقوب دنیاغا تاراتقان ایدی. و بو خطلەر اورخون دریاسینیڭ شرقیدەکی تورك آبدەلەرینیڭ خطی و تیلینیڭ عینی ایدی. و هم "اویغور" کلمەسی تورکچە بولوب معناسی "متفقلەر" دیمەکدور. ۶۰۵ میلادیدا تورکلەردین ۱۵ قبیلە بیرلەشیب اوزیگە شو آتنی برگەن و شوندین بیری بولار اویغور آتالیب کلگەن. مانا بوندا هیچ شبەیوقدور.

لی افندی "تورکلەر تاڭ سلالەسی بیلەن سوقوشقاندا، اویغورلار تاڭغا یاردم قیلغان ایدی. آنداق بولسا، اویغورلارنی بیزقانداق تورك دیەآلامیز" دەیدور. بو سوز لی افندینیڭ تورکلەرنیڭ و اویغورلارنیڭ بیر تورك ملتی ایکەنلیکینی بلمەگەنلیکیدن چققان بیر سوزدور. تاڭغا یاردم قیلماق بیلەن اوریغورلارنی تورك ایمەس دیمەك ممکن مو؟

قزاق بولسا بوگونکی روسیەگە تابع بولغان غربی تورکستاندا بیر پارچە کوچمەن تورکلەرنیڭ آتی ایدی. اولارنیڭ بوآت بیلەن آتالغان تاریخی ۴۰۰ ییلدن آشمایدور. قزاقلارنیڭ تورك ایکەنلکینی دنیا عالملاری اوزوندن بری تصدیق قیلغان ایدیلەر. مثلا تومسون، مجار عالملاریدین وامبری و نیمیس، اوروس عالملاریدین رادلوف و بارتولد، انگلیز عالملاریدن دنیسون روز و باشقە یوزلەچە عالملار قزاقنیڭ تورك ایکەنلکیگە قناعت کلتورمیشلەردور.

لی افندی: " قزاقلارنیڭ کەلگەن یرینی بوگونگەچە توختاتماق قیندور" دەیدور. بیلمەیمنکە لی افندی قزاقلارنیڭ اصل یرلەرینی توختاتماقدا قانچە ییل تدقیق قیلغاندور؟! قزاقلارنیڭ کەلگەن یرلەرینی اولارنیڭ قایسی چاغدا بیزنیڭ تورکستانغا کلگەنلکینی اولارنیڭ تاریخینی آزغنە بیلگەن کشی بیلمەی قالمایدور. لی افندی بیر نچە باشی قاییب قالغان و دنیادین خبری یوق پاتاچی قزاقلارنیڭ سوزینی اوزیچە علم و

AltunOq

فنگه اساس قیلیب علمی تدقیق قیلغان کشی بولوب نهایتی غالجیراب غزته‌له‌رده اعلان قیلماقچی بولادور. بو بولسا هرکشینی چوڭ حیرتکه سالادورغان بیر واقعه‌دور.

قزاق کلمه‌سی بولسا خالص تورکچه بولوب معناسی "قاچاق" دیمه‌کدورکه بولار مونغول حکومتیگه عصیان قیلیب اوزاقلارغا کتکه‌ن خلقدور. بونی قزاق و مونغول تاریخلاریدا یازادور.

قیرغیزلار بولسا لی افندی یازغانیده‌ك اسکی چاغدا اویغورلارغا قوشنی بولغاننیڭ اوستیگه اولار اویغورحکومتیگه تابع بیر خانلیق ایدی. کیینچه قیرغیزلار اویغور حکومتیگه عصیان قیلیب، غالب بولوب اویغورلارنی تورکستانغا کتمه‌ککه مجبور قیلغان ایدی. یه‌نه لی افندینیڭ سوزیگه کوره قیرغیزلار تورك ایمه‌س ایمش. حقیقت اونداق ایمه‌س. و قیرغیزلار تورکدور. چونکه ینی‌سی دریاسینیڭ بوییدا تاپیلغان مڭبش یوز نچه ییللیق اسکی قیرغیزچه یازیله‌ر اورخونداکی تورکله‌رنیڭ یازیسی و تیلینیڭ عینیدور. قیرغیزلارنیڭ تیلی و حیات طرزی تورکله‌رنیڭکیگه بوسپتون اوخشاشدور. دنیاداکی آتنولوژی (انسان طایفه له‌رینی تونوش علمی) عالملاریدن قیرغیزلارنیڭ تورکلیکیگه اعتراف قیلمایدورغان هیچ بیری یوقدور. قیرغیز کلمه‌سی صاف تورکچه کلمه‌دور.

ترانچیلار بولسا تورکستانیڭ یرلیك اهالیسیدن بولوب مانجو سلاله‌سیدن چیبه‌ن‌لوڭ نیڭ زمانه‌سیده آلتی شهر و تورفان طرفله‌ریدین ایلیغا کوچوب بارغانلاردور. ترانچی سوزی اسکی تورکچه‌ده "دهقان" دیمه‌کدور. بولارنیڭ تیریگچیلیگی تارم-تیکم بولوب اویرده‌کی کوچمه‌ن تورکله‌ردین ایریلیب تونولماق اوچون اوزله‌ریگه "ترانچی" آتینی برگه‌ن ایدیله‌ر.

لی افندی اوزبکله‌رنی "غالبا دایوشی (یاوچی) لارنڭ اولادی بولسا کیره‌ك" دیدور. بو سوز بولسا اساسیز بیر قورروق خیالی سوزدور. اگر لی افندینیڭ سوزینی توغرا دیسه‌ك، بیلمه‌ك کیرك که یاوچیلار تورکدور.

اوزبکله‌رنیڭ تورك ایکه‌نلیکیگه پتون علم آدمله‌ری اعتراف اتمکده‌دورله‌ر. چینگزخاننیڭ چوڭ اوغلی جوجی‌خان شرقی آورووپادا چوڭ

بیر دولت قورغان. و اونیڭ تورتینجی نبرەسی اوزبك خاندین باشلاب بو دولت اوزبك سلالەسی دولتی دیب آتالغان. اوندن سوڭ اوزبك سلالەسیدن شیبانی‌خان سمرقندنی آلب چوڭ بیر دولت قوروب سلالە آتی بولغان اوزبك کلمەسینی بو دولتکە تابع تورکلەرگە آت قویغان ایدی. مانا بو صورت بیلەن اولار تورك ملتینڭ بیر پارچەسیدور.

لی افندی"اویغورلارنیڭ تولاسی قاراکوز و اوزبکلەر بوز و کوك‌کوز بولورایکەن. من بیرمونچە اوزبکلەرنی کوردوم. منچە اولار بك چیرایلق بولورایکەن" دەیدور. حقیقتدە اویغور دیگەنلەر و اوزبکلەر قاراکوز و بوزکوزلیکدە و چیرایدا فرقسزدور. قانداغکە بولسا مونداق علم و فندە ملت آیریماقنا أرزیمەیدورغان سوزلەرنی اویدوروب بولارنی آیریماقنا دلیل کورسەتمك فقط قورروق لافدور. لی افندینیڭ بو سوزیدن مقصدینی آڭلا یاآلمادم.

تاتارلارنیڭ تورك ایکەنلکی اوزوندن بیری بیلینیب کلگەن بیر حقیقتدور. بیرمونچە تاریخ عالملاری و متخصصلەر تدقیقلەرینیڭ نتیجەسیدە "تاتار" آتینیڭ بولارغا خطا قویولغانلقلارینی بیلگەنلیکلەری اوچون" قزان تورکلەری" دیب آتاماقنی لازم تاپتیلەر. بو تاتار دیلگەنلەر اصلدە بولغار تورکلەرینیڭ اولادیدورلەر. بولغار تورکلەری بولسا تورتینجی عصردن بیری ایدیل(وولغا) و قاما دریالاری بوییدا بولوب سکیزنجی عصردە ایدیل بوییداکی بولغار شهرینی مرکز قیلیب بیر دولت قورغان ایدیلەر. بو دولتنیڭ خانی"آلماس خان" ١٠نجی عصردە مسلمان بولغان ایدی. ١٢ نجی عصردە چینگزخاننیڭ نبیرەسی باتوخان بولغار دولتینی یوق قیلدی. روسلار بولارنی خطا صورتدە "تاتار" آتاغان ایدیلەر بو تاتارلار اسکیدین بوگونگەچە ایدیل، قاما، یاتکا، یاییق (اورال) و توبول دریالاری بوییدا یاشارلەر. لی افندی بولارنی" قافقاسیا نیڭ جنوبیداکی جورجیادا اورونلاشقان بیر خلق "دەیدور. بو بولسا لی افندی نیڭ جغرافیەدین هیچ خبری یوقلیقیدین چیققان زوربیر خطادور. تاتار (قزان تورکلەری) نیڭ بعضیسینڭ رنگی آق و کوزی کوك بولغانلیقی آتنولوژی عالملارینیڭ تدقیقلەریگە کورە هوا و محیط تأثیریدن کەلگەن بیر نرسەدور. آق جنسلار بیلەن قان آرالاشقانلیقیدن ایمەسدور، چونکە

اولار اوزوندین بیری روسلارنی تولا یمان کورگەنلکلەریدین اولار بیلەن قیز آلیش بریش قیلماس ایدیلەر.

تاجیک کلمەسی ایرانچە ایمەس و بلکە تورکچە سوزدور. اسکی چاغلاردا تورکلەر ایران، افغان و عربنی تاجیک دەر ایدیلەر. بو کونلەردە افغانستان و غربی تورکستانداکی فارسی سوزلەیدورغان بیر پارچە خلق تاجیک دیب آتالادور. لاکین بیزنینگ تورکستاننینگ ایچیدەکی تاجیک دیلگەنلەر اولاردین ایمەس. بولار اوزلەرینی اصل یرلەریدە تاجیک دیمەی "واخی" دەرلەر. بولار چاغاتای دوریدە یارکند و کاشغر طرفلەریدین قاچیب چیقیب پامیرنینگ غربیدەکی واخان دیلگەن یردە یرلەشکەن تورکلەردور. و او یردە مستقل حیات کچوررولەرایدی. ۱۸۵۰ــ ییلیدە آفغانلار واخاننی اشغال قیلغاندا اولارنینگ بیر پارچەسی قاچیب تاشقورغاندا یارکند و گوما تاغلاریغا کلیب یرلەشکەن ایدیلەر. واخیلار بش یوز ییلدین بیری آفغان، تاجیک و هندستانلیقلار بیلەن باریش کلش قیلیب کاگەنلیکلەریدین تیلی تورکچە، آفغانچە و تاجیکچە و هندستانچەدین مرکب بیر تیل حالیغا کلمیشدور. بونینگ بیلەن برابر اولارنینگ همەسی تورکچەنی بیلەدور. من واخاندا آلتی آی تورروب تکشورروشیم نتیجەسیدە اولارنینگ تورکلیگیدە هیچ شبەم قالمادی.

لی افندی "بوگونکی تیل بیرلیکیگە قاراب اسکیدەکی ملت بیرلکینی اثبات قیلماق علم و فنگە توغرا کلمەیدور" دەیدور. لی افندی آڭلامایدور، بیز تیل بیرلیکیگە قاراب تورکستانداکی ملت بیرلیکینی اثبات قیلغان یریمیز یوقدور. یوقاریداکی سوزلەریمدین آپ آچوق معلوم بولماقدادور. تیل بیرلیکیدن ملت بیرلیکی چقارماق بوگونکی چین عالملارینینگ ایشیدور. اگر مونداق بولاسا ایدی بوکونلەردە اچکی چینداکی خلقنینگ بك تولا ملتکە آیریلیب کتمەکی لازم کلور ایدی.

لی افندی" تورکستانداکی بو یتتی ملتنینگ تیلی بیر ایمەس "دەیدور. بولارنینگ تیلینینگ بیرلیکی ویا بیر ایمەسلیکینی بیلمەك اوچون اورلارنینگ تیلینی مکمل بیلمەك لازمدور. اوندن موندن آڭلاغان بیرایکی آغیز سوزنی آساس قیلیپ مونداق میدانغا چقماقنینگ نتیجەسی خجالت و اویاتیب قالماقدین باشقا بیر نەرسە بولمایدور.

توركستانداكى بو يەتتى آيماقنيڭ تيلى بيردور. يالغوز قزاق قيرغيز بيلەن باشقا آيماقلارنيڭ لهجه فرقى باردور، كه بو فرق گانسو و سيچوان لهجەلەريدەكى فرقدين زياده ايمەسدور.

لى افندى "عرف و عادتدين بحث قيلساق اويغورلارنيڭ تولاسى دهقانچيليقغه مشغول، و قزاقلارنييڭ تورلاراقى پاداچيليقغه مشغولدور. موندااق بولسا قانداق اولارنيڭ عرف و عادتى اوخشاش ديگەلى بولادور؟ منيڭ آلغان تأثيريمچه اولارنيڭ عرف و عادتى هيچ اوخشلمايدور" دەيدور. بو سوزدين لى افندينيڭ هيچ بيلميگەنليكى شو ايكى نقطەدەدور:

١) اويغور ديلگەنلەرنيڭ دهقانچيليقدن باشقا حيوانچيلق قيلغانلارى بك تولا، و قزاقلارنيڭمو دهقانلارى آز ايمەس دور.

٢) لى افندى صناعت بيلەن عرف عادتنى فرق ايتەلمابدور. اولتورغان ير و محيطنيڭ طبيعى تقاضاسيغا كوره بولغان حيات ايشلەرى صناعت ديلەدور. اولتوروب قوپماق. كييم، ييمەك، ايچمەك، توى و اۆلوم مراسميدەك ايشلەر عرف و عادت ديلەدور. بونيڭ بيلەن لى افندى اولارنيڭ عرف و عادتى بير ايمەس ديسه هم آساسسيز، همده زيانسيز بير سۆزدور. چونكه بو آوردپاعالملرىنيڭ تدقيقى نتيجەسيده اثبات بولغان بير مسئله دور.

لى افندى "هەميزنيڭ بيرليكده سان مين جويىنيڭ أكْ يوكسەك تيلەگى بوييچه يورمەكيمزنى اميد قيلامن" دەيدور. بيز بو سان مين جويى نيڭ يولى بيلەن چين جمهوريتينيڭ أكْ يوكسەك دولت قوروش غايەسى ديگەن اصل مقصديگه يتمەكينى تيلەيمز. و اونيڭ عملگه آشورولماقينى توركستانليقلار بو كونگەچه ايستەب كلدى. هيچ قاچان باشقالارنيڭ آرقاسيدا قالغانى يوقدور. چين خلق فرقەسينيڭ ايچكى سياستى هربير ملتنيڭ مساواتى(حقوقدااتڭ بولوشى)نى حرمت قيلماقدور. بو قتيم اويوشماميز طرفيدن قانون اساسى اوچون بيريلگەن لايحه بولسا هم حقيقتده سەن مين جويينيڭ أكْ يوكسەك غايەسينى عملگه آشوروشدين عبارت ايدى. لى افنديتيڭ أيتقانيغا كوره بو لايحەنيڭ ايچيده سان مين جويىنيڭ يوكسەك غايەسيگه توغرى كلمەيدورغان يرلەر

بار ایمش. لی افندی سان مین جویي‌نی یاخشیراق اوقوب آندین سوك بیزگه اورگه‌تسون.

لی افندی "اورتا آوروپا و بالقانلارداکی کچیك ملتله‌رده‌ك یر آیریماق و مختاریت تله‌کیگه باغلانیب قالمایلی" ده یدور. کورروله‌دورکه لی افندی اورتا آوروپا و بالقان احوالینی هیچ بیلمه‌س ایکه‌ن و مختاریت بیله‌ن استقلالنی آیریالماس ایکه‌ن. اورتاآوروپا و بالقان ملتله‌رینیڭ ایسته‌گه‌ن نرسه‌له‌ری استقلال ایدی. بالقان ملتله‌رینیڭ استقلالی ۱۸۷۸ ده‌کی مشهور بیرلین معاهده‌سسدین بیری تانولماقدادور. اولاردا یرلیك مختاریت طلبی دیگه‌ن بیر نرسه یوقدور. بز تورکستانلیقلارنیڭ ایسته‌گه‌نیمیز هیچ قاچان اولار ایسته‌گه‌ن استقلالغا اوخشامایدور. تورکستانلیقلار چیندین آیریلماق فکریده ایمه‌س. بلکه بولارنیڭ طلب قیلغانی_ جینگوداگاڭ (دولت تشکیلاتی قانونیۭ)، گومنداخوی (بیوك فرقه قورولتایی) و سکیزنجی فرقه قورولتاییدا قبول قیلینغان "مختاریت" دین باشقا بیرنرسه ایمه‌سدور. لی افندی بونی دیمه‌ی آوروپا و بالقان ملتله‌ری نیڭ استقلال تله‌گه‌نله‌رینی تورکستانلیقلارغا چاپلاب اولارنیڭ مختاریت حرکتینی لکه‌دار قیلماق اوچون اویناشماقدادور. بو بولسا عقلسیز کیچیك آدمله‌رنیڭ ایشیدور. بو بولسا تورکستانلیقلارغا بیر تورلیك حقارت بولغاننیڭ اوستیگه دولتنی تشکیل قیلغان ملتله‌ر آراسیغا اڭلاشماسلیق سالماق حرکتیدور. من خواه حکومتکه تبعه‌لیك صفتیم بیله‌ن و خواه ملتنیڭ بیر فردیلیك صفتیم بیله‌ن لی افندی‌نیڭ اوزیگه یاندوروب بره‌من.

لی افندی "مختاریتنیڭ و احد قیاسیسی ناحیه بولماقی لازم، ولایتنیڭ مختاریت مقیاسی بولماسلیقی کره‌ك. عرف‌عادت، تیل و دین بیرلیکیگه باقیب ییر و حدود آیرشماسلیق لازم" ده‌یدور. بو حقده من لی افندیدین شو تورت سوٴالنی سوراغاندین کیین آزغنیه جواب بیره‌من.

۲) سان مین جویی (اوچ تورلوك خلق مسلکی) دین ملی مسلك‌نی چیقاریب آتیب "آرمین جویی" (ایکی تورلیك خلق مسلکی) قیلاسیزمو؟

۲) جنگوداڭ (دولت تشکیلات قانونی) نیڭ ٤_ماده‌سینی کویدورروب آتاسیزمو؟

Altun0q

۳) گومنداخوی و سکیزینجی فرقه قورولتاییسیدا بولغان قرار و اعلانلارغا انکار قیلماق ویا اولارنی کیره‌کسیز قیلیب تاشلاماق لازم مو؟

٤) ناحیه‌سی بولمیغان مونغول و تیبت مختاریتینیڭ واحد قیاسیسی نیمه بولادور؟

بیر دولت‌نیڭ تشکیل بولوشینیڭ اڭ مهیم شرطی توپراقینیڭ بتون بولماقیدور. بیر دولت ایچیده بیر نچه تورلیک مختاریتله‌ر بولغانلیقینی، آیریلماق ده‌یب بیلمه‌ك سیاستدین و بین‌الملل(خلق‌آرا) حقوقدن هیچ نرسه بیلمه‌گه‌ن کشیله‌رنیڭ خیالیدور. هرقانداق مختاریتلیك بیر دائما متبوع دولتنڭ بیر پارچه‌سیدور. بو بتون دنیادا بار بولغان مسئله‌دور. مثلا کوز آلدیمزدا هندستاندا بیر نچه تورلیك مختاریتله‌ر باردور. لاکین هیچ قایسیسی هندستان حکومتیدین آیریم دییلمه‌یدور. دنیادا مونداق مثالار بك تولادور.

لی افندی تورکستان‌نیڭ "شیڭجاڭ" دیگه‌ن اورونسیز آتینی تاشلاب اونیڭ اورنیغا "شی‌جاڭ" ( غربی یر) یاکه "گوجاڭ" ویا "تیانشان‌سیڭ" (تیانشان ولایتی) ده‌ك آتلار بیله‌ن آتاماقنی سوغات قیلادور.

بیز تورکستانلیقلارنیڭ بوروندین بیری تیله‌گیمیز: بتون دنیا تانوغان" تورکستان " دیگه‌ن علم و فنگه اویغون اصل آتیمیزنی چین حکومتینیڭ قانونی رسما تونوسون و تاریخی اوز آتیمیزنی قوللانسون دیمه‌کدور. یاڭیدن باشقا بیر آت تیگیشتورمه‌ك ایمه‌سدور. "شیڭجاڭ" دیگه‌ن آت بولسا مانچو حکومتیده‌کی زوزوڭتاڭنیڭ ظلم و استبداد یادگاریدور. مونداق اسکی استبداد سیاستینیڭ ایزی بولغان و علم دنیاسیدا تونولماغان بیر آتنی بوگون، دیموقراسی و خلق حکومتی دوریده ایشله‌تمه‌ك لایق ایمه‌سدور. لی افندینیڭ چوڭ سوغاتی بولغان یوقارقی اوچ تورلوك آت بولسا زوزوڭتاڭچه آتلاردور. بیز بو آتلارنی احترام بیله‌ن لی افندینیڭ اوزیگه یاندوروب بره‌میز؟

"ستان" کلمه‌سیگه کلسه‌ك بو کلمه‌نیڭ نیمه‌چه بولغانلیقینی تارتیشقوده‌ك اهمیتی یوقدور. لاکین تورکستان سوزیدین بونی آیریماق ممکین ایمه‌سدور. بونی لی افندینیڭ قبول قیلیشینیڭ ویا قیلماسلیقینیڭ

هيچ أهميتی يوقدور.

لی افندی مقالەسينيڭ سوگيدا "ايشەنچليك تاريخی كتابلاريدا "هونلار شاخوشينيڭ أولادی، اويغورلار بولسا هونلارنيڭ أولاديدور دەيب يازادور" دەيدور. لی افندی تاريخنی تخيمو اوقوسا توركلەرنيڭ مو هونلارنيڭ أولادی ايكەنليكينی آڭلار و موندن سوگره اويغور بيلەن توركلەرنی بير ايمەس ديگەن خطاغا توشمەس.

م.ا.بوغرا

چونكيڭ، ١٩٤٤

# يه نه بحث ايته يلى كه توركستانليقلارنى تورك ديمه‌ك لايق ايمه‌سدور، شيڭجاڭ اولكه‌سينى مو "توركستان" آتاماق لايق ايمه‌سدور.

لى دوڭفاڭ نيڭ ايكينجى مقاله‌سى

("جوڭياڭ رباو" دا نويابرنيڭ ٢نجى و ٣نجى كونلريده‌باسيلدى)

"تورك" سوزى يالغوز تيل عليميگه تيگيشليكدور. و هيچ عِرق معناسى يوقدور. عمومى توركچه تيل بيله‌ن سوزله‌يدورغان ملتله‌ر حقيده هرقانداق بر قطعى سوز قيلماق ممكن ايمه‌سدور. اولاردا مدنيت، دين، وجود برليكى يوقدور. بو سوزنى د. بوكستون ( D.Buxton ) سوزله‌ميشدور.

شيڭجاڭليق يورتداشلار اويوشماسى دائمى‌اعضاسيدين امين افندى من يازغان "شيڭجاڭليقلار تورك مو؟" آتليق مقاله‌مگه لطفاً بيرنرسه‌له‌ر كورسه‌ته‌دور. أمدى منيڭ توبه‌ن فكريمگه كوره بونيڭ حقيده حرمت بيله‌ن بحث أتمه‌ك ايسته‌يمن :

امين افندى ديمشكه: "توركستانداكى يرليك خلق تورك ملتى‌دور. تورك كله‌سى توركستانداكى يرليك اهالينيڭ تاريخى و اصل آتيدور. علم دنياسى طرفيدن اوزوندن برى تدقيق قيلينيب بونى همه تونوميشدور. تا ميلاددين ٤٠٠ ييل بورون يونان عالمى هرودوت (هه‌ره‌دوت) و پلين و اوندن تخيمو قديم اوتكه‌ن هند و ايران تاريخچيلارى توركستانداكى خلقنى تورك ده‌رله‌ر ايدى. چين‌نيڭ أسكى تاريخلاريدامو، شو سوزله‌رنى يازادور"

بو سوزله‌رنى بك قطعى سوزله‌ميشدور. فقط يرليك كلمه‌سينى كوڭول

خواهلاغاندەك ايشلەتمەسليك كيرەكدور. بوگونگەچە بيز تخی بيرمونچە مدنی ملتلەرنی تاريخدا " يرليك" ( Autochtone ) دەب قطعی أيتاآلمايميز. يالغوز فلانی انسانتيڭ فلانی يردە تاش دوری و اوندين بورون دين بری ياشاغانلقينی جزماً بيلگەنيميز شرطی بيلەن يرليك ديب أيتالايميز.

توركلەر، هونلارنيڭ اولاديدور. أصليدە شرقی موغوليستان نيڭ شمالی طرفلەريدەكی اورخون درياسی بوييدا اولتورور ايديلەر. اولار شرقی موغوليستان نيڭ يرليك اهاليسی بولسامو باردور. لاكين شيڭجاڭنيڭ يرليك اهاليسی ايمەسدورلەر، توركلەرنيڭ ازولەريگە دستلەب تورك آتی برگەنليكی ميلادنيڭ بشنجی عصريدين كيين، يعنی بوگونديين آران ١٥٠٠ ييل بورون ايدی. اولار ميلادنيڭ ٤٢٢ــ ييليدا جوجان دولتيگە تابع بولوب گانسونيڭ شەندەن ناهيەسی يانيدا اولتورار ايديلەر. او يردە بيريولی ايگيز چيقيب كتكەن بر تيپە باردور و شكلی قالپاقا اوخشايدور، و بو تيپەنيڭ يرليك آتی "توچيو" دور. تورك ملتينڭ آتی بوندين كلميشدور. ميلادنيڭ ٤٢٣ــنجی ييلی چين تاريخيدا جنوب و شمال خاندانلاری دوريگە توغری كيليب سوڭ حكمداری ويندی‌نيڭ ١٠ــ نجی ييليدور.

موندن ١١٢ ييل اوتكەندين كيين توركلەر چوڭوب جوجانغا يغی بولوب اونی يوق اتميشدور. و او چاغدا بر قسمی آيريليب شيڭجاڭداكی تيانشان (تڭری تاغی) نيڭ شماليغا كيرميشلەردور. كورولوركە توركلەر قطعيًا شيڭجاڭنيڭ خلقی ايمەسدور.

اويغورلارمو يەنە شيڭجاڭنيڭ يرليك خلقی ايمەسدور. اويغور اگرچە توركلەر بيلەن بير هون و شاخوشي‌نيڭ اولادی بولسامو بو ايكيسينی آرالاشتورماسليق كيرەكدور. چونكە اويغور پارچەسی اصليدە سەلەنگا درياسی بوييدا اولتورور ايديلەر. اويغورلار بر قاتيم چول‌نيڭ جنوبيدا اولتوروب توركلەردين كيين اولارنيڭ اورنيغا وارث بولوب قووەت آلغان ايديلەر. ميلادنيڭ ٩نجی عصرينيڭ اورتاسيدا (تاڭ سلالەسيدين وين زوڭ زمانەسيدە قيرغيزلار طرفيدين مغلوب بولغاندين كيين اوچ پارچەگە آيريليب غرب طرفيگە كوچوب، بير قيسمی ايلی، بير قيسمی تورپان و بير قيسمی گانسوداكی جاڭيە (گانجو)غا كيريب يەرلەشتيلەر. اولارنيڭ

شيگجاگغا كليشي ۲۰۰ ييل كين بولميشدور. بولارنيڭ شيگجاڭنيڭ يرليك خلقي سانالماسليقي طبيعيدور.

امين أفندي "ميلاددين ٤٠٠ ييل بورونقي هرودوت و پللين و آندين تخيمو بورونقي هندستان و ايران تاريخچيلاري توركستان اهالسيني تورك درايديلەر" دەيدور. هرودوت كلمەسيدە امين أفندي بر "أ" حرفيني آشوق يازغاننا اوخشايدور. بو قديم يونان تاريخچيسي اوزينيڭ اولوميدين ۱۰۰۰ ييلدين آرتوق بر مدت سوگرە شيگجاڭدا توركلەر اولتوررولەر ديب تخمين قيلشي ممكن مو؟ بو بك شبهەليك بير مسئلەدور. يونانچەني ياخشي بيلگەن پروفيسور چيگكاڭ دين سوراديم. او ديديكە هرودوت نيڭ يازغان تاريخلاريدا تورك كلمەسي يوقدور پلينغا كلسەك، يونان تاريخچيلاري آراسيدا بونداق بر كشي يوقدور. روما تاريخچيلاريدن پليني ( *Pliny* ) نيڭ بوزولماسي بولماسون. پليني آتليق ايكي كشي باردور. بيري يەنە برينڭ تاغاسيدور. چوڭ پليني فزيكچي و كچيگي تاريخچي دور. تاريخچي پليني ميلادينڭ ٦١ يدە توغولوب ۱۱۲يدە اولميشدور. بونيڭ اوز اولوميدن ٤٠٠ ييل كيين شيگجاڭغا توركلەر كيليب يرلەشمەگيني گمان قيلماقغا قدرتي يتيشيني گمان قيلمايمن.

امين أفندي "موندن تخيمو بورونقي هندستان و ايران تاريخچيلاري تورك ديرلەر. و هم چين نيڭ اسكي تاريخلاريدا شو سوزني يازيبدور" دەيدور. بيز يالغوز امين افنديڭ بو تاريخچيلارنيڭ آتلاريني سوزلەشيگە قاراب قالدوق. سوزلەسە آندين تفسير قيلامز.

شيگجاڭ خلقي سايلاغان وكيللەر اورومچيدە بيرنەچە قورولتايلارغا اشتراك أتميشلەر. بو قورولتايلاردا شيگجاڭداكي ١٤ ملت ويا آيماقلارنيڭ آتلاري آپ آچوق قرار قيلينميشدور. فقط "تورك ملتي" سوزينيڭ بوتون ولايتدە ويا بر پارچەسيدە اهالينڭ آتي بولسون ديب تكليف قيلغان يوقدور. تخيمو بير قدم ايلگيريلەب دەيميزكە بوتون شيگجاڭ ولايتيدەكي آقارتيش اويوشماسينيڭ رئيسي لي‌دەپو افندي، ايلا اويغور آقارتش اويوشماسينيڭ باش اعضاسي حسين افندي، كاشغر خستەخانەسينيڭ مديري احمد افندي، ياركند چوڭ آخوني اعلم افندي، كوچار

AltunDq

ایشچی و تجارت جمعیتی رئیسی اسماعیل افندی و باشقا کوپلیه‌گه‌ن منوروره‌ر و وکیلله‌ر من بیله‌ن سوزله‌شکه‌ن چاغلاریدا "توچیو" ویا "تورك" ایکه‌نلیکله‌رینی ده ایته‌ر ایدیله‌ر. امین افندی اولارغا خط یازیب سورالایدور.

بیزنیڭ دقتیمیزگه سبب بولغان شودورکه: مرکزنیڭ بیر اداره‌سیدین بر نچه اعلانلارنی تورکچه تیلغا ترجمه قیلینیب شیڭجاڭداکیله‌رگه ایبه‌رمیش. اما عجایبکه او یرده هیچ کشی اوقویالمای دیمیشله‌رکی "یالغوز بونیڭ آوازینی اوقویالامیز. (بیر فرانسیس یا انگلیزچه سیگارا مارکه‌سینی اوقوغانده‌ك) لاکن معناسینی آڭلایالمایمیز".
کیینچه ولایت فرقه اداره‌سیده‌کی لیوبیڭ باشدین آیاق اویغورچه ترجمه قیلغاندین کیین اویغورلار اوقویالدیله‌ر.

امین افندی جیق یرله‌رده سان مین‌جویی و زوگلی‌دین سوزله‌یدور. من سان مین جویی دا شیڭجاڭ ولایتینیڭ "تورکستان" آتیغا ینگوشله‌نمه‌کینی ویاکه شیڭجاڭ ولایتیده‌کیله‌رنی اوز باشقا بولوب باشقا ولایتده‌کیله‌ر بیله‌ن بیر بولمای "بیز تورك ملتی" دیگه‌ن بیر صورت بیله‌ن أیتقانلاریده‌ك بیر مختاریت سوزینی هیچ اوقومادیم.

امین افندی "قارا بالغاسون‌نیڭ یانیدین بیر اسکی اویغور آبده‌سی چیقدی. و اونیڭ خطی اورخون دریاسینیڭ شرقیدین چققان تورك آبده‌له‌ری بیله‌ن بیردور" ده‌یدور. بو آبده قانداق بر آبده‌دورکه امین افندی مونچه آچوق سوزله‌یدور. منیڭ بیلگه‌نیمگه کوره او یرده بر توقوز آیماق اویغور آبده‌سی باردور. بو آبده‌نیڭ اوستیده چینچه، مانیچه و تورت بورجه‌کلیك تورکچه بولوب اوچ تورلوك خط یازیلمیشدور. مضمونینیڭ تولاسی مانی دینینیڭ تشویقاتیدن عبارتدور. اویغورلارنیڭ تورکچه تورت بورجه‌کلیك آبده یاساماقی یاپونلارنیڭ چینچه تورت بورجه‌کلیك آبده یاساشلاریغا اوخشایدور. و هم تورکله‌رنیڭ تورت بورجه‌کلیك خطله‌رینیڭ اصلی الفبادور.

قازاقلارغا که‌لسه‌ك، آشوق سوزله‌مه‌ك ایسته‌یمه‌یمن. حقیقتاً بیزنیڭ عمومی قاراغاندا تدقیقلاریمیز یته‌رلیك ایمه‌سدور. من مو بیلمه‌یمن‌که امین افندی قانچه ییل و قانچه قاتیم تدقیق قیلدی ایکه‌ن؟ قطعی

سوزله‌یدورکه قازاق قاچاق کلمه‌سیدن کلمیش. قازاقلار هر قانچه بر قسم آلتای تیل عائیله‌سیگه عائد و تورکچه‌گه اوخشاغان بر تیل ایشله‌تسه‌مو اوزله‌رینیڭ تورك بولوشلاریغا راضی بولمایدورله‌ر. منیڭ آلغان گواهیم یالغوز فویواندا اولتورغان بیر نچه کوچمه‌ن پاتاچی لاردین ایمه‌س، بلکه ایلی قازاق اویوشماسینیڭ باش اعضاسی موخبه افندیمو باردور. موخبه افندینیڭ اخلاقی و معلوماتیغا ایشینه‌من‌که امین افندینیڭ واقفیلقی بولسا کیره‌ك.

بیزنیڭ تواضعلوغ بولماقیمیز کیره‌ك. صداسی(تاۋوشی) بر بولوب یازیلیشی بیر بولماغان نه‌رسه‌له‌رنی بیر دیب خیال قیلیب انی ملت آتی و یر آتی یاساماق کیره‌ك ایمه‌سدور.

بریتانیه آنسیکلوپدیسی نیڭ ١٤نجی باسماسی‌نیڭ ١٢نجی جلدینیڭ ٢٠٢نجی بتیده أیتادورکه: "قزاقلاردین بحث قیلغان أڭ أسکی آساسلیق وثیقه ایرانلیق فردوسینڭ اثریدور. هه‌ربه‌ر ستاین (١٤٨٦ـ ١٥٦٦) بولارنی تاتار دیمشدور. اولار جنگیزخانغا أرگه‌شیب کلمیشله‌ر. آندن کین آلتون اوردا نیڭ خانلقیغا تابع بولمیشلاردور. آلتون اوردونیڭ پارچه‌له‌ری بولغان چیگچا (؟) نایمان قوڭرات، جلایر، و قانقلی دیگه‌ن قبیله‌له‌رگه اوخشاش آتلارنی قزاق قبیله‌له‌ری آراسیدا تاپماق ممکندور. بیز بو اوچون اولارنیڭ مونغول ایکه‌نلکینی توختاآلماغانده‌ك تورك ایکه‌نلیکینی مو توختالمایمیز. بو اوچون کلگه‌ن یرله‌رینی توختاتماق قیین دیمه‌ککه جسارت أتمه‌کده من.

قیرغیزلارنیڭ "گوگاش ویا جیگاس" ایکه‌نلیکله‌رینی امین افندی لطفاً قبول اتمیشدور، فقط جیگاسلارنیڭ تورکچه تیل ایشله‌تیب ایشله‌تمه‌گه‌نلیکی بیر مسئله بولغانده‌ك اولارنیڭ تورك بولوب بولماغانلیقی مو بیر مسئله دور.

تارانچی بیله‌ن اویغورلارنیڭ بر ملت ایکه‌نلیکینی اوّلقی مقاله‌مده یازغان ایدیم. لاکن اولار تورکمو ایمه‌سمو؟ بو اویغورلارنیڭ تورك بولوب بولماغانیلقیغا قاراشلیق ایکه‌نلیکی طبیعیدور.

امین افندینیڭ فکریچه اوزبك آتی چینگیزخان‌نیڭ نبیره‌سی اوزبك خاندین کلمیشدور. فقط امین افندی بو نبیره‌نیڭ خان بولوشیدن بورونقی

بالالیق آتینیڭ اوزبك بولغانلقینی و چینگیز خاندانیدین بورون اوزبك کلمه‌سینیڭ بارلیقینی اثبات أتسه او چاغداغینه أینانالایمز. من اولارنی یوچیلارنیڭ اولادی دیگه‌ندین کیین امین افندی بولارنیڭ تورك ایکه‌نلکینی تعیین أتمیشدور. دیمه‌ك او حالدا قانداق بولوب تورك بولسون؟

تاتارلار امین افندینیڭ سوزله‌گه‌نیچه توپ توغری بولغاریه‌لیك ایمیشدور. اونداق بولسا قانداق تورك بولسون؟ اڭ تعجب أتکوده‌ك بیر یری بارکه: امین افندی "تاتارلارنیڭ یوزی آق و کوزی یشیل بولغانلقینی اتنولوژی عالملاری محیط و هوا تائثیریدین دیمه‌کده‌دورله‌ر. اولارنیڭ قانی آرالاش ایمه‌س" ده‌یدور. انسان کوزینی یشیللاشتورالیش اڭی امین افندینیڭ ایجادی (اویدورماسی) بولوب اتنولوژی عالملارینیڭ تدقیق نتیجه‌سی ایمه‌سدور.

تاجیك کلمه‌سینیڭ تورکچه بولمای فارسچه بولغانلیقینی امین افندی یگانه اسلام تاریخچیسی بولغان به‌یی شویی افندیدین سوءاسون. من بونی اونیڭ مقاله‌سیدن آلدیم.

امین افندی ٦ آی واخاندا اولتوروب قیلغان تجربه‌سیده شیڭجاڭ پولی( تاشقورغان) ناحیه‌سیده اولتوروشلوق تاجیك دیلگه‌نله‌رنیڭ عرب ایمه‌سلیکیگه قرار بریب "بولارنی اوز یورتیدا تاجیك دیمای واخی دیر لار. بولار چاغاتای دولتی دوریده یارکند و کاشغردین باریب پامیرنیڭ غربیده‌کی واخان آتلیق یرده اولتورغان ایدیله‌ر" ده‌یدور.

من بونی تقدر قیلامن. لاکن امین افندی سوزیده دوام قیلب هیچ بیر سبب یوق‌توروب اولارنی تورك ده‌یدور. بو بولسا منچه بیر طرفلیك بیر سوزدور. بیزنیڭ بیلمه‌کیمیز کیره‌کدورکه: او ایگیز پامیرنیڭ ایگیز تیپه‌له‌ریده اولتورغان واخیله‌ر شیڭجاڭنیڭ أسکی لهجه‌سینی ساقلامیشدور. بو بولسا بیلمه‌یمن‌که تورکله‌رنیڭ شیڭجاڭغا کیلیشیدین قانچه ییل بوروُنقی ایزله‌ردور. بعضیله‌ر بونیڭ کوچاداکی یاغاچ اثرله‌ری اوستیده‌کی تولی یازیسیغا یاقین بولغانلیقینی سوزله‌مه‌کده‌دورله‌ر. تخی قرارلاشمادی، بو حالدا بیز نیمه‌گه یوله‌نیب قطعی صورتده "تورکچه، افغانچه، فارسچه، هندستانچه‌دین مرکب بیر تیل"دیالامیز؟

من همیشه شو فکردەدورمنکە: شیڭجاڭلیق قریندا شلار عِرق مسئلەسی حقیدە تخیمو بی طرفلیك بیلەن مفصل تدقیق قیلماقلاری لازمدور. بو بولسا یە نە علم دائرەسیدەکی مسئلە بولوب بوگون بونی قانونِ آساسیدا قطعی صورتدە قرارلاشتورماق لازم ایمەسدور .

اویغور، قازاق، قیرغیز، تارانچی، اوزبك و تاجیك باشلیق یەتتی قبیلە و آیماق‌نیڭ همەسینی آرالاشتوروب بر توركدور دیب بیر تورك ملتی آتینی ایجاد قیلماقدین كوز یوموب امین افندینیڭ شیڭجاڭ اهالیسی یالغوز یەتتی ملتکینە بولمای حقیقتدە باشقالارغا قاراغاندا چوڭ بولغان ١٤ قبیلە ویا آیماق ملتلەر بارلغینی اونوتماسلیقی لازمدور. او یەتتی ملتدین باشقا شیڭجاڭدا چین‌لیق، مونغول، تونگان، اوروس، شیبە، سولون، و مانچور دەك ملتلەرمو باردور. تورك دیگەن بر كلمە بولارنیڭ همەسینی ایچیگە آلالماسا كیرەكدور.

امین افندی یەنە: "توركستانلیقلارنیڭ همەسینیڭ عرف و عادتینیڭ برلیكینی آوروپا عالملاری اوزوندین بری تصدیق قیلماقدادور" دەیدور.

ایسیتكە بو دییلگەن اوروپا عالملارینیڭ آتلارینیڭ لیستەسینی كورسەتمەگەنی اوچون بونی تدقیق ایتە آلمادوق. امین افندینیڭ دیگەنیدەك قازاقلارنی تورك دەیدورغان آوروپا عالملارینیڭ سانی میڭلارچە بارمو ایكەن؟ شیڭجاڭ مسئلەسینی تدقیق قیلغان بوتون آوروپا عالملاری جمعاً نەچە یوز و نەچە میڭدور؟

من شیڭجاڭلیق قریندا شلارنیڭ كوندین كونگە بختیار بولوشلارینی امید قیلامن. باشقا ولایتلەردەكی قرینداشلاردین شیڭجاڭدەكی قرنداشلارنیڭ زیادە بختیار بولوشلارینی آرزو قیلامن. چونكە من شیڭجاڭنی باشقەچە یاخشی كورومن. مختاریتنی هر كشی ایستەر. لاكن ناحیە بر مقیاس بولماق، ولایت بر مقیاس بولماسلیق لازمدور.

خصوصاً قان، تیل، و دین بهانەسی بیلەن یر آیریب بالقان و اورتا آوروپا دەكی اقلییت ملت دییلگەنلەرنیڭ موفقیتسیز ایزلەریدە یورمەسلیك لازمدور. اورتا آوروپا و بالقان ملت مسئلەلەرینی دییلگەندەك هیچ بیلمیسەمو حقیقتدە امین افندی ایتقانیدەك برلین معاهدەسی بیلەن پیتكەن ایمەس، نهایت ورسای معاهدەسیدن كیین اورتا

آوروپا و بالقاندا ۲۰ دین آرتوق اقلیت ملتلەر بولوب بولارنیڭ سانی ٦۰ ملیونچه ایدی. لطفًا ( Jozseph chamelar ) نیڭ "اورتا آوروپاداکی اقلیت ملتلەر" آتلیق کتابینی کورسونلەر. ۱۹۲۰ ایستاتستیکیغا کوره چکوسلوواکیاداکی ۱٤.۷۲۹.٥۲٦ کشینیڭ ایچیده ٤.۹۷۸.۰۰۰ کشی اقلیت ایمیش. اولاردین هینلاین‌نیڭ رهبرلیکی آستیداکی آلمان‌لارنیڭ مختاریت تیله‌گی قوزغالغان چاغدا هیتلەر بونی بهانه قیلیب چکوسلاواکیانیڭ یقیلشیغا سبب بولدی. بولار بوگونگەچه استقلاللارینی یاندورروب آلالمادیلەر. آلمانلاردین باشقا موراولار، سوده‌تلار و لەهلەر هم هنلاین‌نیڭ آرقاسیغا کیریب چکوسلواکیاغا تولا آغیرلیق کلتوردیلەر.

چین حکومتی بولسا سان مین جوبینی اجرا قیلادورغان حکومتدور. او یالغوز داخلداکی هر ملت ویا هر آیماق‌نیڭ مساواتینی تونوماق بیله‌نغینه قالمای تخیمو ایلگیریلەب هر بیر چین‌لیقنیڭ بختارلقینی کوز آلدیدا توتماقدا دور. هر بر کشی قایسی ولایت و قایسی آیماققا منسوب بولسا بولسون اونیڭ قانون چیقارماق، و ایکینجی قرار برمەك، سایلاماق، لغو أتمەك (ئەتکەس قیلماق) حقی باردور. بو تورت حق‌نیڭ اجراسیدا ناحیه بیر مقیاس بولوب ولایت و مرکزگه بارماق لازمدور. بو بولسا هر قانداق بر یرلیك مختاریتدین جیق ترقیلیق بر اصولدور.

بورونراق قانون اساسی دورینی تماملاماق خصوصیدا بیزنیڭ هەممه قریندا‌شلارنیڭ بوتون کوچی بیلەن مرکزحکومتکه طرفدارلیق قیلماقی و چین متینیڭ برلیکینی قوتلەندورمەکی لازمدور. اونیڭ اوچون هر بیر آیریلماققا سبب بولادورغان معناسیز نرسەلەردین تارتینماق کیره‌کدور.

فارسچەده‌کی "ستان" کلمەسی بولسا بیزنیڭ ملی تیلیمزدا بولغان "سیڭ" یعنی "ولایت" کلمەسیگه یتمەیدور. "تورکستان" کلمەسینیڭ "شیڭجاڭ ولایتی" سوزبینڭ یرینی توتالماسلیقی حقیده منچه جیق سوزلەمەك کیرەك ایمەسدور. آوروپا و آمریکا عالملاری "تایوان" نی "فورموزا" آتاماقدادورلەر. بیز بوگا باقیب تایوان‌نی فورموزاغا ینگوشله‌یلی مو؟ آمریقا و آوروپا عالملاری دیگەن "تورکستان" شیڭجاڭ ولایتینڭ حدودیغا توغری کلمەیدور. ساویت اورتاآسیاسیدن خەزەر تڭیزیغا قدر بولغان یر لەرنی ایچیگه آلماقدا و شیڭجاڭ تیانشان نیڭ شمالیداکی قسملەرینی تاشیدا توتماقدادور. بیزگه آیاغ قاپی اوچون آیاغیمزنی کسمك نیمه لازم؟

Altunbay

# يه نه بحث ايته يلي كه توركستانليقلار توركدور

محمدامين بوغرانيڭ لي‌دوڭ فاڭ غاجوابى

جوڭ ياڭ رباو غزته‌سى بو مقاله‌نيڭ جيق يرله‌رينى باسمياغان بولسيمو "آلتاى مجموعه‌سي"نيڭ توركچه و چينچه نوسخيليريده تولوق باسيلدى. توبنديكى تيكيست "آلتاى" ژورناللنيڭ ١١- سانسدين(١٩٤٥- ييلى٢- ئاى) دين كوچوررولوب اليندى.

منڭ "توركستاليقلار توركدور" آتليق مقاله‌مگه قارشى لى دوڭ فاڭ افندى "يه‌نه بحث ايتايلى، توركستاليقلارنى تورك ديمك لايق ايمه‌سدور" باشليق آستيدا بر نرسه‌لەر يازيب او مقاله‌مگه جواب برمه‌ك ايسته‌مه‌كده‌دور. اما لى افندى علمى قيمتى يوق سوزله‌ر بيله‌ن مشغول بولغاننيڭ اوستيگه تولا يرله‌رده موضوعدن چيقب كتمكده دور. و آڭ سوڭيدا اوزى تيگينى بيلمه‌گه‌ن سياستكه اوتوب اوستالق كورسه‌تمه‌ك ايسته‌يدور. بو اوچون بو سوزله‌رنيڭ علم و سياست آدمله‌رينيڭ آلديدا جواب برگوده‌ك درجه‌ده قيمتى يوق ايدى. لاكن عمومنيڭ فكريگه شبهه پيدا قيلادورغان يرله‌رى بولغان اوچون يالغوز شونداق نقطه‌له‌ريغه گينه جواب برمه‌ك ايسته‌يمن. اوّل لى افندى‌نيڭ سوزينيڭ سوڭيده‌كى سياسى جمله‌سيگه جواب برگه‌نيمدين كيين علمى مسئله‌رغه قايتماقچيدورمن.

لى افندى بيزنى چكوسلواكيانيڭ فلاكتيگه سبب بولغان هه‌نلاين‌غا اوخشاتيدور. موندن آڭلانغانغا كوره لى افندى بيزنى حكومتيميزگه خائين و باشقا بير دشمن نيڭ خذمتچيسى ديب تهمت(توهمه‌ت) قيليبدور. لى افندى! آغزيڭيزغا باقيڭ، مونداق سوزله‌رنيڭ عُهده‌سيدن چيقماق اوڭاى

ایمەسدور. بیز حکومتیمیزنی یورت و ملتیمیزنی یاخشی کورگەندەك یاخشی کورەمیز. تورکستاننیڭ دائیمی تنجلیقینی و ترقیسینی تأمین أتمەك اوچون حکومتکە یاردم أتمەك نیتی بیلەن اوز اختیاریمز بیلەن مرکزگە کلدوق. و بو ایش اوچون حکومت بیلەن بیللە چالیشماقغا تیارلقیمیزنی حکومت کاتتالەریغا بیلدورردوق. اولار بیزنی التفاتلار بیلەن قبول أتدیلەر، و حکومتیمیزگە صمیمی بولغانلقیمیزنی تقدیر قیلدیلەر. بیز بو کونگەچە حکومتیمیزنیڭ آغیرلیقینی کوز آلدیمزدا توتوب یورەکلەریمیزدین قانلار آقسامو صبر قیلب نە غزتەدە ونە باشقا واسطە بیلەن اونیمیزنی چیقارمای حکومتنیڭ فرصت تاپماقیغا کوز توتماقدا ایدوق. بو قاتیم حکومتنیڭ اعلانیغا قاراب قانون آساسیغا لایحە بردوك. باشقالارنیڭ لایحەسیدەك نشر بولدی. بو لایحەمیز بیزچە تورکستاننیڭ دائیمی تنجیلیقی و چین بیلەن قالماقیمیز نیڭ یگانە چارەسیدور. چونکە تورکستان بولسا بك مهم بر حدود دور. و اهالیسی تاریخی بیر ملتدور. اولارنیڭ جغرافی اورنیغا و تاریخی شرفیگە لایق بیر حقوق بریلمەسە و جمهوریتنیڭ شعاریغا موافق بر سیاست و یول توتولماسا تورکستاندا دائیمی بیر تنجیلیق بولوش ممکن ایمەسدور. و تنجسیزلیق بیلەن تورروب چین بیلەن بیللە یاشاماقی بك خطرلیکدور.

بیز بو لایحەمیزدین کیین غزتەگە بر نەرسە یازماق نیتیدە ایمەس ایدوك. سیز حقیقتدین خبرسیز بولغانیڭیز اوچون بیر نەرسەلەر یازیب بیزنی سوزلەتتیڭیز. و برمونچە اوششاق سوزلەرگە سبب بولدیڭیز. تورکستان مسئلەسینی حل أتمەك چوڭ تجربە لیك و صلاحیتلیك کشیلەرنیڭ وضیفەسیدور. بو اوچون سیزنیڭ سیاسی سوزلەریڭیزگە بو قاتیم جواب برمەیمن. اگر یەنە یازساڭیز بو نازوك چاغدا منیڭ آغزیمنی آچقان بولاسیز، و مسئولیت سیزگە کیلور. سیزنیڭ بیزنی خائین دیب أتکەن توهمیتیڭیزگە قارشی جوابیم بو مقالە بیلەن بتمەیدور. توختاب تورروڭ!

لی افندی سوزینیڭ باشیدا دودلای بوکستون نیڭ سوزینی نقل ایتەدور. بوکستون بر آنتروپولوژی عالیمیدور. بونیڭ سوزی تورکچە سوزلەگەن انسانلار حقیدە هر قانداق بر قطعی سوز قیلماقدین قاچماقدین عبارتدور. و موندین اونیڭ تدقیقاتی یتەرلیك بولماغانلقیدین باشقا بر

نەرسە اڭلاشيلمايدور. توركلەر حقيدە بك آچوق و قطعى سوز قيلغان عالملارنى لى افنديغە تقديم ايتەمن:

١- J.Deniker بو كشى بيزنى توزساچليغ، توزبورونلوغ، بوغداى رنگليك، اوترادن ايگيزراق بويلوغ، براكيسفال باشليغ تورك عرقى ديب قطعى سوزلەيدور.

٢- Roland B. Dixon بو سوزنى قوّتلەيدور.

٣- Joyce نيڭ Physical Anthropology of Chinese Turkestan ("چين توركستاننيڭ طبيعى انسان تونوماق علمى") آتليق مقالەسيدە ينە شونداق سوز باردور.

٤- ايسوەچليك عالم Karl gren تورك عرقينيڭ بك آچوق معلوم بولغانليقينى سوزلەيدور. بو قيسقا مقالەدە مونچە ليكى يتەر.

لى افندى مينڭ "توركستان يرليگلەرى تورك" ديب قطعى سوزلەگەنيمدين شكايت قيلادور. قانداق قيلامن؟ قولومداكى قطعى دليللەر بونى تقاضا أتمكدەدور. بو دليللەرنى بر طرفكە قويوب لى افنديڭ تدقيق ايتشيگە ساقلاب تورماق بك منطيقسيز بولماسمو؟

توركستاننيڭ تاش دورى و آنديـن بورونديـن بريكى يرليگ خلقينيڭ بوگونكى يرليگلەر بيلەن بير عرق بولغانليقينى آتنوگرافى و آرخيولوژى عاليملارى تصديق أتميشلەردور.

لى افندى توركلەرنيڭ هونلەرنيڭ اولادى ايكەنلكينى أمدى اڭلابدور. و مقالەسيدە تورك اويغورلارنيڭ تاريخچەسينى بيرمونچە خطالار بيلەن بيزگە اوقويدور. بو خطالارنيڭ هەمەسينى توزەتيب چيقيشقا وقتيم يوقدور. يالغوز توبندەكى ايكى خطانى توزتمەك ايستەيمن:

١- توركلەرنيڭ اوزلەريگە "تورك" آتينى بريشينيڭ موندن آران ١٥٠٠ ييل بورون بولغانليقى. بو سوّزنى بير چين تاريخ كتابيدا يازادور. بو سوزنى سوزلەگەنلەرنيڭ هەمەسى او كتابدين آلادور. لاكن ياخشى تدقيق أتكەن عاليملار تورك سوزينيڭ ميلادديـن بورونديـن برى تعينليق بير عرقنيڭ آتى بولغانلقينى بك قوتلك دليللەر بيلەن اڭلاغانليقلاريدين كيين بو چين كتابيداكى سوزنيڭ علمى قيمتى قالمادى. بونيڭ تفصيلاتينى توبندە هردوت (هەرەدوتيس) و باشقالار حقيدەكى بياناتيمدا اڭلانادور.

٢ــ بیـر اصلـدیـن بـولغـانلیقینـی لی افنـدیمـو آڭـلاغـان تـورك و اویغورلارنیڭ بیری اورخون بوییدا و بیری سلنگا بوییدا اولتورغان اوچون بیر ملت بولا لماسلیقی. لی افندی! خریطه‌گه قاراڭ بو ایکی دریانیڭ آراسیدا آران بیـر تـاغ بـولـوب آراسـی ۱۰۰ یـولـدیـن آرتـوق ایمه‌سـدور. مونچه آز بیر اوزاقلیق هیچ قاچان ملت گه تأثیر برالماس. و هم اگر بیر دریابوییدا اولتوروش بیله‌ن باشقا دریا بوییده‌کیله‌ردین باشقا ملت بولماق لازم کلسه یه‌نه خریطه‌گه قاراڭ، یالغوز سیچوه‌ن ولایتیده هر بیری اورخون و سلنگادین چوڭ دریالار نیڭ سانی اوتوزدین آرتوقدور. سیچوه‌نده اوتوزدین آرتوق ملت بارمو؟

بیـز شمالی موغولیستانـدیـن تـورکستانغا بـارغـان کـوك تـورك و اویغورلارنیڭ اولادی ایمه‌سمیز. چونکه هنوز موغولیستاندا کوك تورك دولتی بار چاغدا تورکستانغا بورون کلگه‌ن کوك تورکله‌رنیڭ یوق بولوب کـه‌تکـه‌نلکینـی اورخـون آبـده‌لـه‌ریـده یـازیبـدور. اویغـورلار بـولسـا تورکستان‌نیڭ شرق قسمیده یرله‌شیب بر مدت قوّتلیك قالغان بولسامو او چاغلاردا تورکستاندا ییگّی قورولغان قاراخان دولتی اویغورلارنی اوُروب ضعیف بر حالغا کلتورروب اوزیگه تابع بر خانلیق قیلب قویغان ایدی. او چاغدین بری اویغورلار آران تورپان و اوررومچی اولکه‌له‌ریده کیچك بیر بگلیك حالیدا یاشار ایدیله‌ر. چاغاتای دولتی دوریده اویغورلار عصیان أتکه‌ن اوچون خضرخان اولارنی یوقاتدی. و قالغانلاری یرلیك اهالیغا آرالاشیب کتدی. مانا بو نیڭ بیله‌ن تورکستاندا اویغور قالماغان ایدی. بو اوچون بیزنی اویغور آتاماق خطادور. بوڭا اولقی مقاله‌مده اشارت أتکه‌ن ایـدم. لی افنـدی آڭـلامـابـدور، بیـز بـولسـاق تـورکستـانیـڭ یـرلیـگ خلقینیـڭ (Autochtone) اولادی دورمیـز. اولار بـولسـا علـم دنیاسیدا تورك دیب آتالور.

هردوت میلاددین تورت عصر بورون اورتا آسیانی سیاحت قیلب اویرده کورگه‌ن بیر عرقنیڭ آتینی کتابیدا یازمش ایدی. بونی بعضیله‌ر ینگوش قیلب "یورك" YURK شکلیده یازار ایدیله‌ر، لاکن یونان عالیملاریدین پومپونیئوس Pomponius Mela تولا تدقیقدن کیین بو کلمه‌نی "تورك" TURK دیب اوقودی. و سوڭقی علم بونی توغری

كوردى. بو سوزنى Abaminy "اولوغ انسان بيليكى قاموسى" آتليق كتابيدا يازغاندين كيين ده يدوركه: "توركلەر توركستاننيڭ اڭ اسكى و معتبر بر عرقيدور." لى افندى بو كتابنى كورمەگەن بولسا كيرەك.

پلين نيڭ كيم بولغانيلقى معلومدور. اونيڭ سوزينى تورك تاريخ تدقيق جمعيتينيڭ "عمومى تاريخ" كتابيدين آلديم، و او كتابغه ايشەنەمن.

بولاردين باشقا ميلاديىنيڭ باش عصرلەريده ياشاغان Attaliati آتليق بيزانس تاريخچسينيڭ كتابينيڭ ١٥٦نجى ياپراقيدا " ايسكيتلەر بيلەن توركلەر بير عرقديندور" ديمشدور.

ايران مقدس كتابينيڭ بيرينجى جلدينيڭ برنچه يرلەريده ميلاد دين بيرميڭ ييل بورون پاشاغان افراسيابنى تورك خانى ديب يازادور. يەنه ميلاددين بيرميڭ ييل بورون يازيلغان آويستا آتليق كتابنيڭ باشيداكى "زه أستور" آتليق پارچەسيده توركدين بحث ايتەدور.

هندستاننيڭ ميلاددن بورون يازيلغان "پينكارد" آتليق ٢٠ جلدليق كتابينيڭ بيرنجى جلدينيڭ برمونچه يرلەريده تورك خانى افراسيابدين بحث ايتەدور. بو سوزلەرنى مجار عاليملاريدين زايتى فرانچنيڭ ١٩٢٢ـ يلى ٧ـ تموز تاريخيده انقرەده برگەن كونفرانسيدن آلديم.

لى افندى! بو سيزنيڭ ديگەنيگيزدەك مغوليستانداكى توركلەرنيڭ توركستانغا كيلشينى بيرميڭ ييل بورون بيلماس ايديلەر. لاكن اولارنيڭ كوزلەرينيڭ آلديدا چوڭ دولتكه ايگه بير تورك ملتينيڭ بارلقينى كورور ايديلەر، سيزنيڭ بيلمەسلكيگيز بيلەن بوينڭ تاريخدا بولماسلقيى لازم كلمەس.

چيننيڭ أسكى تاريخلاريدا "تيك" آتيلق بر ملتدين بحث ايتەدور. بولارنى محقق تورك ديەلايمز. چونكه چيندە "تورك" آتى هميشه بوزولوب يازيلادور. مثلاً كوك توركلەرنى "توچيو" و حاضرقى توركيه توركلەرينى "تورچى" يازادور. "تيك" كلمەسيمو بو بوزمالارنيڭ بيرى بولماقى قوتليك احتمالدور. ( Tucheu) (Tuerchi)

لى افندى توركستانداكى ١٤ ملت افسانەسينيڭ قوررولتاى بيلەن قرارلاشتوررولغانليقينى دعوا قيليب بونى قبول ايتەدور. لى افندى اولقى مقالەسينيڭ باشيدا ملت اسمينيڭ حكومت و باشقا سياسى واسطەلەر بيلەن

AltunOq

قرارلاشتورولماسلقینی و فقط علم دائره‌سیگه مخصوص بر مسئله بولغانلیقینی بك حقلیق بر شکلده سوزله‌گه‌ن ایدی. لی افندی مونچه‌لیك آز بر مدت ایچیده مسله‌گیدن کیچبدورمو؟

لی افندی "تورك ملتی بولماقینی تکلیف أتکه‌ن کشی یوقدور، و بلکه بونی رد قیلغانلار باردور" دیب بیر ادعا سوزله‌یدور.

اوزوندن بری همه اهالی اوزله‌رینی تورك ملتی در ایدیله‌ر. لاکن کیینچه "تورك" و "تورکستان" آتینی آغزیغا آلغانلاردین میڭله‌رچه‌سی هر تورلیك تهمتله‌ر بیله‌ن اوْلوم و قاماق جزاسیغا اوچراغاندین کیین بو سوزنی آران یوره‌کله‌ریده ساقلاب آغیزلاریدین وقتینچه چیقارمای جانلارینی ساقلاماقتا مجبور بولدیله‌ر. موندان ایزیش و ظلم آستیدا سوزله‌گه‌ن سوزله‌ر علمی و سیاسی تدقیقلار اوچون حجت بولا آلورمو؟

لی افندی مرکزدین تورکستان‌غا تورکچه اعلانلار ایبه‌ریلیب تورکستانلیقلارنیڭ اوقویالماغانلیقلارینی ادعا ایته‌دور. بو ادعا توغرا بولغان تقدیرده مرکز اداره‌له‌ریده یاخشی تورکچه بیلگه‌ن کشی یوقدور. بارمو بولسون، تورکیه بیله‌ن بیزنیڭ تیلیمیز بیر بولوب، لهجه فرقی باردور. بو اوچون بعضی یرله‌رینی اڭلایالماسا احتمالی باردور. موندین تیل باشقالیقی چیقمایدور. مثلاً: سیز الفبالیق بیر خط بیله‌ن خونه‌نچه بر نه‌رسه یازیب او الفبانی بیلگه‌ن اما خونه‌نچه بیلمه‌گه‌ن بر سیچوه‌نلیککه برسه‌ڭیز هیچ اڭلیالماسلقینی بیله‌من. لاکن خونه‌نچه و سیچوه‌نچه هر ایکی لهجه‌نی یوزده یوز چین‌چه دیمه‌ككه مجبوردورسیز.

زوڭلی سان‌مین جویی ملی مسله‌کینیڭ بیرنجی درسیده بیزنی تورك دیب آتایدور. زوڭلی بولسا کاتتا عالم و سیاسی بر کشی ایدی. او تدقیقله‌ر نتیجه‌سیده بو تاریخی آتیمیزدین باشقا توغری بر آتنی تاپالماغانلیقی اوچون بو آتنی ایشله‌ته‌ككه مجبور بولمیشدور.

لی افندی اویغور آبده‌له‌رینیڭ نیمه بولغانلیقینی مندین سورایدور. قولومدا قرق اوچ پارچه تورکچه آبده له‌رینیڭ و کتابه‌لارینینڭ پوتوغراف نسخه‌سنی و ترجمه‌له‌رینی ایچیگه آلغان ایکی جلدلیق بر کتاب باردور. موندین بردانه‌سی اویغور کتابه‌له‌ری بولوب اوْچی قارا بالغاسون آبده‌له‌ری، بیری دوڭخواڭ "میڭ اوْی"دین Aurel Stain تاپقان ١٠٤ صحیفه‌لیك بیر کتاب، باشقالاری تورپان و میره‌نده تاپیلغان اثرله‌ردورکه بولارنیڭ

همه‌سی تورك الفباسی و تیلی بیله‌ن یازیلمیشدور. اویغورلارنیڭ اسکی چاغلاردا تورکچه‌دین باشقا تیلی و خطی بارلیغینی بیلگه‌ن کشی یوقدور.

لی افندینڭ قزاق مسئله‌سیده بریتانیه آنسیکلوپیدیسینی کورروب بوروننقیدین بر آز ترقی أتکه‌نینی کوردوم. آفرین. تدقیقیگیزغه دوام اتیڭ. بریتانیه آنسیکلوپیدیسی برآز اسکیدور. یته‌رلیك ایمه‌سدور. جیق ییڭی اثرله‌ر باردور. اولاردا بك آچوق معلومات تاپارسیز.

قیرغیز و تارانچیلارنیڭ تورك عرقیده داخل ایکه‌نلیکیده هیچ شبهه یوقدور. علم بونی اثبات أتمیشدور. بونی بوروننقی مقاله‌مده‌مو یازغان ایدیم.

اوزبکله‌ر حقیده اولقی مقاله‌مده ایضاحات برگه‌ن ایدیم. بوڭا قارشی لی افندینیڭ یازغان سوزله‌ری بك معناسزدور. چینگیزخان‌نیڭ نبیره‌سی بولغان اوزبك‌خان و اوزبك آتینیڭ آندین کلگه‌نلیکیگه متعلق هر معلومات مرجانی عبدالغفار افندی و مراد افندینیڭ تاریخلاریدا یته‌رلیك درجه‌ده باردور. اوزبکله‌ر یوچی‌له‌رنیڭ اولادی بولغان تقدیرده اولارنیڭ تورك بولالماسلقینی لی افندی نیڭ ادعا أتمه‌کی یوچیله‌رنیڭ کوك‌تورکله‌ردین ٤ عصر بورون یاشاغانلقینی بیلگه‌نلیکیدین بولسا کیره‌ك. لاکن یوچیلارنیڭ خانلاری بولغان کانیشکا، کوشکا، و یوشکالار حقیده اوز زمانلاریدا یازیلغان تاریخ وثیقه‌له‌رینی مشهور آوروپ شتاین کشمیردن تاپیب نشر اتتی. بو وثیقه‌له‌ر اولارنی تورك خانلاری دیب یازادور.

تاتارلار حقیده یازغان سوزله‌ریمنی لی افندی یاخشی اوقومابدور. من تاتارلارنی بوگونکی بولغاریالیق دیمه‌دیم. بوگونکی بولغاریا دانیوب دریاسینیڭ جنوبیده‌دور. تاتارلارنیڭ بابالاری بولغان بولغارتورکله‌رینیڭ پایتختی شهری بولسا وولغادریاسینیڭ بوییدا ایدی. لی افندی خریطه‌گه بیر قاراسا مسئله‌نی حل ایته‌لایدور. بولغارتورکله‌رینیڭ دولتینیڭ ٨ نجی عصردن ١٢ نجی عصرگه‌چه دوام اتکه‌نلیکی عمومی تاریخ کتابلاریدا مفصل باردور. تاتارلارنیڭ رڭله‌رینیڭ محیط و هوا تأثیریدین تیگیشکه‌نلکینی لی افندی اتنوغراف عالملارینیڭ تدقیقینیڭ نتیجه‌سی ایمه‌س ده‌یدور.

من بونی لی افندیگه کورسوته‌ی. کامبریج دارلفنونینیڭ اتنوگرافی پروفیسوری هه‌دون محیط و هوا تأثیری بیله‌ن ره‌ڭ تیگیشمه‌ك قناعتینی اعلان أتمه‌کده دور. لی افندی "تاجیك کلمه‌سینیڭ فارسچه بولغانلقینی

بەی‌شوی افندیدین آلدیم" دەیدور. بەی‌شوی افندی اسکی تورکلەر نیڭ ایرانلیقلارنی تاجیك دیگەنلەرینی آرالاشتورروب قویوبدور. "تاجیك" و "تازی" کلمەلەری بر آز اوخشاسامو ایکی‌سینی بیر دیمەك ممکن ایمەسدور.

لی افندینڭ بو سوزیدە ایکی خطا باردور: (۱) یازیغ نیڭ آتی "تولی" ایمەس "توخاری" دور، (۲) او یازیغ واخانلیغلر نیڭ تیلیغە یاقین ایماس، میلادنیڭ ٥ نجی عصریغەچە توخاریستان ( بوگونکی شمالی افغانستان) دا یاشاغان توخار ملتی‌نیڭ تیلیغە یاقین بولغان اوچون بو خطنی توخاری دیيلمکدەدور. توخار ملتی بولسە ٥ نجی عصرنیڭ اوترالریدە آق‌هونلر (یەفتەللەر) نیڭ قولیدا یوق بولغان ایدیلر، حاضرقی واخانلیغلر بولسە میلادنیڭ ١٤ نجی عصریدە تورکستاندین واخانغە کوچوب بارغان ایدیلر، بو ایکی تاریخغە دقت اتمکیمیز لازمدور.

لی افندی منی بیطرفلیککە دعوت ایتادور. لی افندی! علم بیطرفدور، عادل بیر میزاندور. انیڭ قراری باردور و آندین چیقماق طرفگیرلیکدور. چینلیغلر تورکستان یرلیکلرینی بوگونغەچە "چنتو"، "خویزو"، "خویجاتو" دیب آتاماقدادورلر، بو آتلرنیڭ نهایت طرفگیرانە و منطقسیز بولغانلیقیغە اقرار اتمکیگیز لازمدور.

لی افندی اوروم‌چیدە زور بیلان توپلاغان بیر قورولتای‌دە بولرنی یتە ملت دیب آیریغانلیقلرینی سوزلایدور. بو اگرچە تولا طرفگیرانە و غیرعلمی بیر ایش بولسەمو بیز موندین خوشدورمیز، چونکە بو آتلرنیڭ همەسی تورك اوروغلری نیڭ آتلریدور. بوروںقی اتلرغە قراغاندا بو آتلر تاریخی و حقیقی آتیمیزغە جیق یاقیندور. بو یتە آت بیلەن آتاماقنیڭ معناسی تورك دیمەکدور، تاریخ و علم بونی اثبات اتمەکدەدور. تاریخدین بو کونگەچە بوتون دنیا بیزنی آتاغان آتیمیزنی قبول ایتیڭ دیدوك. اوترادا سیزدەك کشیلرنیڭ سیاسی طرفگیرلکیدین باشقا بیر نرسە یوقدور.

لی افندی! سیز بیلیڭ کە: بیزنی تورك دیمەك بیلەن چیندین آیریلیب کتمەك لازم کلمەیدور. دنیاداکی محکوم ملتلەرنیڭ همەسی اوز آتلاری بیلەن آتالماقدا، و موندین هیچ بیر زیان کوررولگەن یوقدور. سیز مونچەلیك بیر ایشدین قورقساگیز تولا قورقونجاق آدم ایکەن سیز.

لی افندی تورکستاندیکی ختای، تونگان، مونغول، اورروس، شیبه، سولون و مانجور آزلیقلار حقیده قایغورروبدور. بو بك اوررونسیز دور و آغیزغا آلاقیگه مو کیرەك یوقدور، چونکه اولر نیڭ ملت آتلرینی هر کیشی تونویدور. تورکستانغه تاشقاریدین کلیب یرلەشکەن ییگی یورتداشلاریمیز دور. اولار نیڭ حقوقی هر قاچان سانلریغا کوره رعایه قیلینادور. بیزنیڭ سوزیمیز تورکستان نیڭ نفوسي نیڭ یوزده توقساندین آرتوقینی تشکشل قیلغان تورکلەر حقیده دور. لی افندی بویرده موضوعدین چیقیب کتیبدور.

لی افندی تورکستان مسئلەسینی تدقیق اتمکی اوچون مندین آوروپا عالم لارینیڭ اسم لیستەسینی برمیکیمنی التماس قیلادور. لی افندی! تدقیق اسم لیستەسی بیلەن بولمایدور، عالملارنیڭ ییللەرچه و بلکه عصرلەرچه داوام اتکەن چالیشماقی و ایش بیرلیکی بیلەن بولادور. اگر سیزگه اسم لیستەسی لازم بولسا شو ایکی مقالەمدین یتەرلیك لیسته چیقاریب آلالایسیز.

لی افندی سوزلەریده "من تورکستان و تورکستانلیقلارنی یاخشی کورەمن" دیب تکرار اتەدور. لی افندی! الحمدلله الحمدلله! یاخشی کورمەسیڭیز نیمەقیلور ایدیڭیز؟

لی افندی سوزلەریده واحدقیاسی سوزینی تکرار قیلادور، و مختاریتنی ینه رد ایتەدور. حالبوکی من بیرینجی مقالەمده بو حقده آندین سورآغان تورت سوالیمغا جواب بیرەلمەیدور. بو اوچون آنیڭ بو سوزلەرینی اعتبارغا لایق کورمەیمن.

لی افندی سوزینیڭ سوڭیدا "تورکستان" کلمەسی حقیده "آوروپا و امریکا عالملاری بیزنیڭ "تایوان" دیگەن ییریمیزنی "فورموزا" دیدورلەر. بیز اصلی آتی بولغان "تایوان"نی تاشلاب "فورموزا"غا یەڭگوشلەیلیمو؟" دەیدور.

لی افندی! "تورکستان" دیگەن یالغوز آوروپا و امریکا عالملاری ایمەس. اوز تورکستانیمیزدین بیر نچه عالملارنی سیزگه کوّرسەتەی:

١- کاشغرلیك محمود ١٠٧٠ میلادیده (موندین ٨٨٥ ییل بورون) یازغان

چوڭ اوچ جلدليق "تورك لغتي قاموسي"(توركى تىللار ديوانى)
آتليغ كتابيدا هميشه توركستاندين بحث ايتەدور. بيرينجى
جلدينيڭ ٢٨- صحيفەسيده اوچاغنيڭ اصوليدا مكمل بير توركستان
خريطەسي مو بار.

٢- چاغاتاى دولتي دوريده آلتى شهر بگليك خاندانيدين بولغان
حيدرميرزانيڭ يازغان "تاريخ رشيدي" آتليغ توركستان
تاريخي "توركستان" كللمەسي بيلەن تولللاغليغدور.

و ينه بولاردين باشقه توركستانليغلارنيڭ يوزلەرچه كتابلەريدا مو زمانيميزغەچه "توركستان" سوزى دوام اتمەكدەدور. بيز مانا بو بابالاريميزدين برى بوگونغەچه يورتيميزنى "توركستان" ديميز.

بيزنيڭ بو تيلاگيميز بولسا تايوانليغلارنيڭ آتاميراث آتى بولغان "تايوان" بيلەن آتالماقنى تيلەگەنيگه بوسپوتون اوخشاش بير تيلەگدور.

توركستان اسكيدين بوگونغيچه لى افندىنيڭ ديگەنيدين كەڭروراق يێر يورتدور. شەرقده ايچكيرى چين و موغوليستان حدودلەرى، شمالدا آلتاى تاغللارى و جنوب سبيريا، غربده اورال درياسى و خزر(خەزەر) دڭيزى. جنوبدا هندوكوش، پامير، قاراقوروم وقاراڭغوتاغلاريدين عبارت بولغان حدودنيڭ ايچينى اسكيدين بوگونغەچه "توركستان" ديرلەر. طبيعي جغرافياچيلەر بو توركستاننى ايكيگه آيرورلەر: "عربى توركستان و شرقى توركستان". شرقى توركستان بيزنيڭ يورتيميزنيڭ بوگونكى حدودلارينيڭ ايچيگه ديبلەدور. بيطرف خريطەگه قاراساڭيز Eastern Turkestan ديب كورسەتيلگەنينى كورەسيز. سياسى جغرافياچيلەر توركستاننى اوچگه آيرورلەر (روسى توركستان، افغانى توركستان، چينى توركستان). بيزنيڭ يورتيميزنى "شرقى توركستان" و يا "چينى توركستان" ديبلسه، هم علم وهم سياستگه اويغون بولادور. مانا ايستەگەنيميز بودور.

"ستان" كلمەسى پوتون اسلام يورتلاريدا عموميت شكلده قبول قيلينيب اشلەتيلگەن مشترك بير كلمه دور.

AltunOq

من اصل موضوعیمیز غه لی افندی‌نیڭ دقتینی جلب اتمك و لی افندی‌نی لای سودا بالیق آولاتماسلیق اوچون موضوعیمیزنی اسله‌تمه‌ك ایسته‌یمن:

۱- بیزنیڭ موضوعیمیز علمی دور، سیاسی ایمه‌دور.
۲- بیزنیڭ موضوعیمیز "ترکستانلیغلرترکمو ایماسمو؟" دور، "ترکستانلیغلرنی ترك دیمك لازم مو ایماسمو؟" ایماسدور.
۳- بیزنیڭ موضوعیمیز "ترکستان نیڭ اسکی آتی ترکستان مو ایماسمو؟"دور، "ترکستان دیمك لازم مو ایماسمو؟" ایماسدور.

من الڭ صوڭدا لی افندیگه شونی ئسله‌تمه‌ك ایستایمن که:
۱- ترك ملتی بیر ملتدور، او بیر آول یا بیر آیماق ایماسدور.
۲- ترکستان نیڭ یرلیك خلقی تركدور.

م.ا.بوغرا

چوڭکیڭ، شبات ۱۹٤٥

# Kalem Küreşi

Mehmet Emin Buğra'nın eserleri dizisinden *Şarki Türkistan Tarihi* (667 sayfa), *Kutluk Türkan* (Operet) ve *Vatan Kayğusi* (şiirinden seçmeler) adlı kitaplarını, daha önceki anma günleri vesilesiyle yayınlamış bulunuyoruz. Elinzdeki kitapçık, merhumun aramızdan ayrılışının 25.yıldönömü münasebetiyle düzenlenen anma töreninde sunulmak üzere yayınlanmaktadır.

Mehmet Emin Buğra ve arkadaşları, 1944'te Çin Anayasası Tadil Tasarısı'nda Doğu Türkistan ile ilgili önemli bazı hususlara da yer verilmesini resmen istemişlerdi. Örneğin; Doğu Türkistan halkının *Türk* olduğu ve ülkenin resmi adının da *Türkistan* olduğu keyfiyetinin Çin Anayasasında tescil edilmesi isteniyordu. Çin siyasi çevrelerinde ve basınında geniş yankı uyandıran bu girişim, Çin'in iki büyük gazatesinde Mehmet Emin Buğra ile Çin Merkez Üniversitesi Tarih Profesörü Li Dung Fang arsında bir polemiğe yol açmıştır.

Buğra ile Li arasında geçen bu münazereye ait materyal, *Altay* yayıncılık kurumu tarafından derlenerek *Kalem Küreşi* adıyla 1948'de Ürümçi'de ayınlandı. Elinizdeki bu kitapçık, *Kalem Küreşi*'nin 2. baskısıdır. M.E. Buğra'ya ait olan yazılar, orijinal metinlerdir. Li Dung Fang'a ait olanlar ise zamanında *ALTAY* (Çunking) Dergisinde yayınlanlan tercümesidir.

Bilimsel bir tartışma çerçevesi içersinde sürdürülen bu diyaloğun ana temasını, Doğu Türkistan halkının Türk ve ülke adının Türkistan olup olmadığı, teşkil etmiştir.

Fatma Bugra, Haziran 1990 69

AltunOq

Baskı Ofset Reprosan Ltd. Şti. 229 31 24 - 25 Ankara